# دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ

# ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوللانمىسى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى



ئوسمان نۇر 1972 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتىگە كىرگەن. 1992 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنغان، ئۇ كەسپىنى بېرىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئالاھىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1997 ـ يىلى ۋە 2008 ـ يىلى ئىككى قېتىم ۋىلايەت بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك، 1999 ـ يىلى ج خ نازارىتى تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان؛ 2000 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئورگانلار پارتكومى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان؛ 1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىش ئورنىدىكى مۇنەۋۋەر ياش»، 1999 ـ يىلى ج خ نازارىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن.

ئوسمان نۇر 2003 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ، 2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدا زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى زەھەر چەكلەش، ئالدىنى ئېلىش كۈرىشى داۋامىدا 1 ـ سەپتە ئۈزۈلدۈرمەي كۈرەش قىلىپ، زور بىر تۈركۈم 1 ـ قول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن ۋە ناھايىتى مول، ئەھمىيەتلىك بولغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ھەمدە سىنئالغۇ فىلىملىرىنى ئىشلەپ، مۇشۇ ساھەدىكى ماتېرىيال كەمچىل بولۇش بوشلۇقىنى تولدۇرغان. بۇ كىتاب ئۇنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ مۇھىم بىر مېۋىسى.

# دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ

# ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوللانمىسى

تۈزگۈچى: ئوسمان نۇر

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

农牧区预防控制艾滋病手册：维吾尔文/吾司曼·努尔编写．—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2009．10
ISBN 978-7-5372-4449-7

Ⅰ．①农… Ⅱ．①吾… Ⅲ．①艾滋病—防治—手册—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①R512．91-62

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 183690 号

农牧区预防控制艾滋病手册

编　　写：吾司曼·努尔
策　　划：阿布来提·居马
责任编辑：西尔尼江·艾沙
责任校对：早热古丽·司地克
封面设计：艾尼瓦尔·卡森木
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街 196 号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2009 年 10 月第 1 版
印　　次：2009 年 10 月第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32 开本　6.5 印张　插页 8
字　　数：114 千字
书　　号：ISBN 978-7-5372-4449-7
印　　数：1—5000
定　　价：14.80 元

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001



ش ئۇ ئا ر نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
ئىلۋالدى ئابدۇرېشىت زەھەر چەكلەش
خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلىماقتا .



مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى
مۇختەر ئابدۇراخمان مەملىكەتلىك زەھەر چەكلەش
يىغىنىدا دوكلات بەرمەكتە .




شىنجاڭ ج خ نازارىتى زەھەر چەكلەش باش ئەترىتىدىكى
رەھبەرلەر ئاخبارات ئېلان قىلماقتا.









## زەھەرگە قارشى جانلىق تەشۋىقات




2009 - يىللىق زەھەر چەكلەش قانۇننى ئىجرا قىلىش سۆھبەت يىغىنى.






ش ئۇ ئا ر نىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى.

زەھەر چەكلەش باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى جىن پىڭ دوكلات بەرمەكتە.







قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئالاھىدە كىشىلەر توپىدىن پايدىلىنىپ، زەھەر ئېلىپ - سېتىشنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى.









2009 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېچىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە زەھەر چەكلەش سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر.




سۆھبەت يىغىنىدا ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىلمۇرات خۇلاسە دوكلاتى بەردى.







شىنجاڭ ج خ نازارىتى بىلەن پاكىستاننىڭ زەھەرچەكلەش بويىچە ئوفىتسېرلار تەربىيلەش كۇرسى.




ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ
زەھەرچەكلەش قانۇننى ئىجرا قىلىش
بويىچە تەربىيلەش سىنىپى.

شىنجاڭ ج خ نازارىتى بىلەن ئافغانىستاننىڭ زەھەرچەكلەش بويىچە ئوفىتسېرلار تەربىيلەش كۇرسى.








ئۆن هالەتتىكى خېروئىن



<<999>> - خېروئىن



نەشە



خىش شەكلىدىكى خېروئىن



تېنىگە يوشۇرىدىغان خېروئىن



گىلدىڭلاتقۇ



K تالقىنى



مۇزسىمان زەھەر







خېروئىن ۋە نەشە چېكىش ئەسۋابلىرى

2007 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭدا پاش قىلىنغان
ئەڭ چوڭ زەھەر يۆتكەش دېلوسى:



75 كىلوگرام خېروئىن



17 كىلوگرام خېروئىن



16 كىلوگرام خېروئىن

2009 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پاش قىلىنغان
زەھەر ساقلاش دېلوسى.




123 كىلوگرام نەشە

# كىرىش سۆز

مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزى بەخت! بىراق بەخت ھامان خىرىستىن خالىي ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئاسىراشقا، قوغداشقا ۋە ئۇزاق مۇددەت تىنچ، بىخەتەر، خاتىرجەم مۇھىتنىڭ بولۇشىغا بەكمۇ موھتاج.

بەخت كىشىلىك تۇرمۇش قاينىمىدا نابۇت بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى سۇنئىي رەۋىشتە ۋەيران قىلىدۇ، قولىغا كەلگەن بەخت پۇرسىتىنى يوققا چىقىرىدۇ، پۇرسەتنى ۋە ھايات دائىم بىرىپ كېلىۋاتقان بەختنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەت قوينىدىكى دەۋرىي قىلىشىنى چىڭ تۇتماستىن، ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى بىلمەيدۇ، بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، كۆپ سانلىق كىشىلەر بەختنى جاپا ـ مۇشەققىتى، پەم ـ پاراسىتى بىلەن قوغدايدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ ياكى قولدىن كەتكەن بەختنى قايتا يارىتىدۇ.

دۇنيادا ھازىرغىچە بايقالغان 12 مىڭ خىل كېسەللىك ھاياتىن ئىبارەت بەختكە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. بۇ كېسەللىكلەر قان بۇزۇلۇش بىلەن نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردىن كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى دېگۇدەك سۇنئىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكى، ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىقىغا ئەڭ زور بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان كېسەللىك ئەيدىز بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ ـ چىقىشىغا بىۋاستە يول ئېچىۋاتقىنى زەھەر چېكىش بولۇۋاتىدۇ. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھاياتىنى، گۈزەل، پارلاق بەختىنى قوغداش

يولىدا ئەيدىزدىن ئىبارەت ۋەھشىي غەيرىي كۈچ بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، نادانلىق بىلەن دىيانەتسىزلىك، مەسئۇ- لىيەتسىزلىك بىلەن بىپەرۋالىق، قاشاقلىق بىلەن نامراتلىق، ئىقتىساد بىلەن تۇرمۇش، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ۋەھشىيلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغارلىق بىلەن بولغان سېلىشتۇرمى- سىدىكى پەرق تۇپەيلىدىن ئادەملەر خورىئىسىن، نەشە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زەھەر، ئەيدىز كېسەللىكى قاتارلىقلارنىڭ ئىسكەنجى- سىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، بەزىلەر ھامان ئىلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئادەملەرنىڭ روھى، جىسمانىي ئاجىزلىقى، ئاچ كۆز، ۋەھشىي- لەرنىڭ نەيرەڭلىرىدىكى قاپقانلار كىملەرنىڭدۇ مال - مۈلكىنى، بۇيۇك بەختىنى، ھەتتاكى ھاياتلىقىنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ.

بىز بۈگۈن بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇق، نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۇق. بىراق ئۇنىڭغا ئورتاق ئوت ئېچىپ ئۇنى چەكلەيدىغان، توسىدىغان ئومۇمىي كەيپىياتنى تولۇق يارىتالمىدۇق. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقىمىز مۇشۇ يەردە. بۇ كىتاب سىزگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىي بىلىم بېرىدۇ. ئۇ زەھەر بىلەن ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاقا- بىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ياخشى قورالنى يېنىڭىزدا ساقلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى قوغداشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە ياردەم بېرىش مەبكۇرىسىغا ئېرىشەلەيسىز. بولۇپمۇ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىڭىزدا پەيدا بولغان زەھەر، ئەيدىز خاھىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرىگە ئىگە بولالايسىز.

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئەيدىز كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

§ 1 . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى ........................................ 1

§ 2 . ئەيدىز كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش يوللىرى........................................ 10

§ 3 . ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدىغان خەۋپلىك كىشىلەر ........................................ 16

§ 4 . ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى ........................................ 17

§ 5 . ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ۋە تەكشۈرتۈش ........................................ 18

§ 6 . ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئادەم بەدىنىدە باشتىن ئۆتكۈزىدىغان دەۋرلىرى ........................................ 21

§ 7 . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ........................................ 24

§ 8 . ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى (جىنسىي كېسەللىك) ۋە تۇبېركۇلوز كېسەللىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 27

9 § . ئاياللار ۋە ئەيدىز كېسەللىكى ........................ 29
10 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى .......................... 37
11 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........ 40
12 § . ئېلىمىزنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ..... 42
13 § . دۆلىتىمىزنىڭ ئەيدىز بىمارلىرىغا قارىتا يولغا قويغان «تۆتنى كەچۈرۈم قىلىش، بىرگە كۆڭۈل بۆلۈش» سىياستىنىڭ مەزمۇنلىرى ............................ 52
14 § . ئەيدىز كېسەللىكىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش تەدبىرلىرى ........................................ 54
15 § . ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمستمەسلىك ................................ 56

ئىككىنچى باب زەھەرلىك چېكىملىك ۋە زەھەرنى چەكلەش ........ 62
1 § . زەھەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ........................ 64
2 § . دائىم ئۇچرايدىغان بىر قانچە خىل زەھەر ....... 76
3 § . زەھەر چېكىشنىڭ سەۋەبلىرى ........................ 92
4 § . زەھەرنىڭ زىيىنى .................................. 101
5 § . ئېلىمىزنىڭ زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر سىياسەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار .................. 109
6 § . زەھەرنى چەكلەش، زەھەرنى مەنئى قىلىشقا قاتنىشىش ........................................................ 126

ئۈچىنچى باب ئەيدىز كېسەللىكى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر دائىر سەرگۈزەشت ۋە بايانلار

1 § . ئەيدىز كېسەللىكىگە دائىر سەرگۈزەشت ۋە بايانلار ........................................................ 145

2 § . زەھەر چېكىشكە دائىر كەچۈرمىشلەر .......... 149

تۆتىنچى باب ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زەھەرگە قارشى تۇرۇشقا دائىر سوئال ـ جاۋابلار

1 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر سوئال ـ جاۋابلار ........................................ 166

2 § . زەھەرگە قارشى تۇرۇشقا دائىر سوئال ـ جاۋابلار ........................................................ 181

# 1. باب ئەيدىز كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

## 1 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى

ئەيدىز ئەڭ دەسلەپتە ئافرىقىدا پەيدا بولغان بولۇپ،20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىدا ساياھەتچىلەر ئارقىلىق ئافرىقىدىن ھايتىغا، ئاندىن ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاندىن ئاسىياغا، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان. 1981 – يىلى ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ۋە نيۇ يورك شەھەرلىك دوختۇرخانا ئىككى نەپەر ئوخشاش جىنسلىق بىمارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر خىل كېسەلدىن يۇقۇملانغانلىقىنى، نۇرغۇن دورىلارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنۇم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. ئەيدىزنىڭ كېسەللىك ئالامىتى بولسا، كۆپ خىل يۇقۇملىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر دەرىجىدىكى ئىممۇنىتېت (بەدەندىكى كېسەلگە بولغان قارشىلىق كۈچ) كەمتۈكلۈك بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى «ئېرىشمە ئىممۇنىتېت كەمتۈكلۈك يىغىندى ئالامىتى» دەپ ئاتىدى، كېيىن ئۇنىڭغا ئەيدىز كېسىلى دەپ نام بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1981 – يىلى 6 – ئايدا ئامېرىكا كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزى دۇنيادىكى تۇنجى

ئەيدىز بىمارىنى ئېلان قىلدى. شۇندىن بۇيان ئەيدىز كېسىلى پۈتۈن دۇنيادا كىشىنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىدە يامرىماقتا. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكى پىلان مەھكىمىسى تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردا ئاشكارىلىنىشىچە، 2005-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى 38 مىليون 600 مىڭ ئادەمگە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلار 36 مىليون 300 مىڭ نەپەر، باللار ئىككى مىليون 300 مىڭ نەپەر بولغان.2005 - يىلىلا پۈتۈن دۇنيادا يېڭىدىن ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار تۆت مىليون 100 مىڭ نەپەر بولۇپ، ئىككى مىليون 800 مىڭ نەپەر ئادەم ئەيدىز سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. مۆلچەرلىنىشىچە دۇنيادا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى تەخمىنەن 11 مىڭ 230 نەپەر ئادەم ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىدىكەن، بۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى 25 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياشلار. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى تەخمىنەن 7760 نەپەر ئادەم ئەيدىز كېسىلى تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدىكەن. يەر شارىدىكى 90% دىن ئارتۇق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ياشايدىكەن. كۆپ يىللاردىن بۇيان يۇقۇملانغۇچىلار ئاساسلىقى سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن بولسا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاسىيا قىتئەسى يۇقۇملىنىش ئەڭ تېز بولغان رايون بولۇپ قالدى.

مەملىكىتىمىزدە بولسا تۇنجى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچى 1985 - يىلى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، شۇندىن بۇيان ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار يىلدىن -

يىلغا كۆپىيىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدا بولسا 1995 - يىلى تۇنجى ئەيدىز بىمارى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، سۈرئىتى تېز بولۇپ، 1985 - يىلى تۇنجى ئەيدىز بىمارى مەلۇم قىلىنغاندىن تارتىپ يۇقۇملىنىش ئەھۋالى تەدرىجىي كېڭىيىپ يامراشقا باشلىدى. 2005 - يىلى 12 - ئايغىچە مەملىكەت بويىچە مەلۇم قىلىنغان ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار 144089 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز بىمارى 32886 نەپەر، ئۆلگەنلەر جەمئىي 8404 نەپەر بولغان. باھالاش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە 2005 - يىلى 12 - ئايغىچە مەملىكەت بويىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى تەخمىنەن 650000 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز بىمارى تەخمىنەن 75000 نەپەر ئىكەن. 2005 - يىلىلا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە يېڭىدىن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار 70 مىڭ نەپەر بولۇپ، تەخمىنەن 25 مىڭ نەپەر ئادەم ئەيدىز سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئېلىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ يۇقۇملىنىش ئەھۋالى يۇزلىنىشىدىن قارىغاندا، قىسمەن رايونلاردا (شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تېز تارقىلىش ھادىسىسى كۆرۈلمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يۇقۇملىنىش ئەھۋالى خەۋپلىك كىشىلەر توپىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ كېڭىيىش ئەھۋالى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىمۇ ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بار:

**1. ئەيدىز كېسەللىكىدىن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى يەنىلا ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرماقتا**

مەملىكەت بويىچە تەسىس قىلىنغان كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا كۆزىتىلگەن ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ ئىچىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1996 - يىلىدىكى 1.95% تىن ئۆرلەپ، 2005 - يىلى 7.45% كە يەتكەن؛ پاھىشىۋاز، زىناخورلار ئىچىدىكىلەرنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1996 - يىلىدىكى 0.02% تىن ئۆرلەپ، 2005 - يىلى 0.05% كە يەتكەن؛ كۆپ تارقىلىۋاتقان رايونلاردىكى ھامىلىدار تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1996 - يىلىدىكى تەكشۈرۈپ تاپالماسلىقتىن 2005 - يىلىدىكى 0.26% كە يەتكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلار مەملىكىتىمىزدىكى يۇقۇملىنىش ئەھۋالىنىڭ ئۆرلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

**2. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، رايونلار ئارا پەرقى چوڭ بولماقتا**

2006 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەلۇم قىلىنغان ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار سانى 30 مىڭ نەپەردىن ئېشىپ كەتكەنلەردىن يۈننەن ۋە خېنەن قاتارلىق ئىككى ئۆلكە بار، 10 مىڭ نەپەردىن ئېشىپ كەتكەنلەردىن شىنجاڭ، گۇاڭشى ۋە گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون بار. نىڭشيا، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندا ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 100 نەپەرگىمۇ يەتمەيدۇ.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوخشىمىغان رايونلاردىكى زەھەرلىك

چېكىملىك چېكىدىغان، پاھىشە، زىناخور كىشىلەر توپىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتىدىمۇ بىر قەدەر زور پەرق ساقلانماقتا. شىنجاڭ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى بىر قىسىم رايونلاردا تومۇرغا ئوكۇل ئۇرۇش ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 50% تىن ئېشىپ كەتكەن؛ جياڭسۇ، جېجياڭ، ئىچكى موڭغۇل، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى تومۇرغا ئوكۇل ئۇرۇش ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 5% كىمۇ يەتمەيدۇ. يۈننەن، چۇڭچىڭ، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى بىر قىسىم رايونلاردا پاھىشىۋاز، زىناخور كىشىلەر توپىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1% تىن ئېشىپ كەتكەن.

**3. ئۈچ خىل تارقىلىش يولى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق تارقىلىش بولسا ئەيدىز كېسەللىك ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشتىكى ئاساسلىق يول بولۇپ قالغان**

نۆۋەتتە تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە جىنسىي ئالاقە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشىدىكى ئاساسلىق شەكلى بولۇپ قالماقتا. ئىلگىرىكى ھەقلىق قان بەرگەن، قان بىلەن تەمىنلەنگەن كىشىلەر توپى ئىچىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى يەنىلا بىر قەدەر زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ئاساسلىقى 1996 – يىلىدىن ئىلگىرىكى يۇز بەرگەن يۇقۇملىنىشتىن ئىبارەت.

يۇقۇملىنىش ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ھازىرقى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى ئىچىدە جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق تارقالغانلار 94.8% نى ئىگىلەيدىكەن، تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئارقىلىق تارقالغانلار 84.6% نى ئىگىلەيدىكەن، ئانىدىن بوۋىقىغا يۇققانلار 6.1% نى ئىگىلەيدىكەن.

**4. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالى ئېغىر بولماقتا**

يېقىنقى ئىككى يىلدا مەملىكەت بويىچە دوكلات قىلىنغان ئەيدىز بىمارلىرى ۋە دوكلات قىلىنغان ئۆلگەنلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئېشىپ بارماقتا، بۇ بىر قىسىم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ كېسەل بولۇشى يۇقىرى پەللە دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. 2004 –، 2005 – يىلى ئىككى يىلدا مەملىكەت بويىچە مەلۇم قىلىنغان ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ سانى جەمئىي دوكلات قىلىنغان بىمار ئومۇمىي سانىنىڭ 60.7% نى ئىگىلەيدۇ، دوكلات قىلىنغان ئەيدىزدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى جەمئىي دوكلات قىلىنغان ئەيدىزدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ 4.63% نى ئىگىلەيدۇ. تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم ئەيدىز بىمارى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە قەدەم قويىدىياكى پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش بىر قەدەر ئېغىرلاشقاندىلا ئاندىن داۋالاشنى قوبۇل قىلماقتا، شۇڭا داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېغىر تەسىر يەتمەكتە.

**5. ئەيدىز كېسەللىكى خەۋپلىك كىشىلەر توپىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ كېڭەيمەكتە**

دۆلەتنىڭ يۇقۇملىنىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ماتېرىياللى-

ـرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئەيدىز كېسەللىكى زەھەر چېكىش، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش، زىناخورلۇق قاتارلىق خەۋپلىك ھەرىكەتتى بار كىشىلەر توپىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ كېڭەيمەكتە. خېنەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ھاملىدار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، نىكاھلىنىشنىڭ ئالدىدىكى كېسەل ـ لىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان كىشىلەر توپى ئىچىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1% تىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ رايونلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەيدىز كېسەللىكى پىلان مەھكىمىسى بەلگىلىگەن يۇقىرى تارقىلىش سەۋىيىسىگە بېرىپ قالغان.

**6. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە**

جامائەتچىلىكنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىگە قارىتا چۈشىنىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر قانداق قىلغاندا ئەيدىز كېسەللىكىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. دۆلەتنىڭ يۇقۇملىنىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش سانلىق مەلۇماتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ زەھەر ـ لىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ 5.45% ى شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىدىكەن، 11% زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىدە بىخەتەر بولمىغان جىنسىي قىلمىش بار ئىكەن. تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە بىخەتەر بولمىغان جىنسىي ھەرىكەتلەر ئەيدىزدىن يۇقۇملىنىش ۋە تارقى ـ لىش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىدىكەن، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر ۋە ئىپپەت ـ نومۇ ـ

سىنى ساتىدىغان، زىناخور كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى تارقىلىشىنى شىددەت بىلەن ئاشۇرۇۋېتىدىكەن.

ئۇندىن باشقا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ ئېقىپ يۈرۈشىمۇ ئەيدىزنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ئۆلكە ئاتلىغان، چېگرا ئاتلاپ نىكاھلانغان ئاياللار ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بايقالغان ھەمدە جورىسى ۋە باللىرىنىمۇ يۇقۇملاندۇرغان.

يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن باشقا، نوپۇسنىڭ زور ھەجىمدە ئېقىپ يۈرۈشى، كۆپ جىنسىي ھەمراھ تۇتۇش قىلمىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى ھەم كۆپلىگەن شەھەرلەردىكى تاناسىل ئەزا كېسەللىرىنىڭ ئاۋۇشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئەيدىزنىڭ يامرىشىغا تۈرتكە بولدى.

1995 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى قۇمۇلدا بايقالغاندىن تارتىپ، 2007 - يىلى 9 - ئايغىچە ئەيدىز بىمارى 20890 نەپەرگە يەتتى. بۇ پۈتۈن مەملىكەت دوكلات قىلغان سانىنىڭ 10% ىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش سانىدا مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا بولۇپ، نوپۇس سېلىشتۇرمىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كېسەللىك ئەھۋالى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، 84 ناھىيىگە تارقالغان بولۇپ، تەخمىنەن 60000 كىشى يۇقۇملانغان. قەشقەر ۋىلايىتىدە 1996 - يىلى تۇنجى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى دوكلات قىلىنغاندىن تارتىپ، 2007 - يىلى 9 - ئايغىچە ئېلان قىلغان

سان 1130 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دوكلات قىلىنغان ئومۇمىي سانىنىڭ 4.5% نى ئىگىلەيدۇ. قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلى، ئۈرۈمچى، ئاقسۇدىن قالسىلا 4 – ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، يۇقۇملىنىش ئەھۋالى نىسبەتەن تېز بولۇۋاتقان رايونلارنىڭ بىرىدۇر. قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 12 ناھىيە ـ شەھەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقۇملىنىش ئەھۋالى بار بولۇپ، قىسمەن جايلارغا مەركەزلەشكەن. بۇنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىدە قەشقەر شەھىرى 7.47% نى، مارالبېشى ناھىيىسى 93.15% نى، يەكەن ناھىيىسى 8.10% نى ئىگىلەيدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 88% ى ئۇيغۇرلار بولۇپ، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىپ تومۇردىن زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلغانلاردۇر.

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە شپرىسنى ئورتاق ئىشلەتكەنلەر 45.7% نى، جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق يۇقتۇرغانلىرى 44.2% نى، يۇقتۇرۇش ۋىلىش سەۋەبى ئېنىق بولمىغانلار 17.5% نى ئىگىلەيدۇ. ئاياللارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 33.5% نى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 97.5% نى، 20 ~ 40 ياشقىچە ياشلار 78.5% نى ئىگىلەيدۇ. ئاياللارنىڭ يۇقۇملىنىش سۈرئىتى ئەرلەردىن يۇقىرى بولۇپ، 1999 – يىلىدىكى 1.17 : 1 دىن يۇقىرىلاپ، 2007 – يىلىدىكى 12.3% كە يەتكەن. يۇقۇملىنىش نىسبىتى بويىچە ئالدىنقى ئۈچىنچى رەتتە تۇرىدىغانلار بولسا، ئىشسىزلار 88.5% نى، يەككە تىجارەتچىلەر 52.13% نى، دېھقانلار 54.21% نى ئىگىلىگەن.

## 2 § . ئەيدىز كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش يوللىرى

### 1. ئەيدىز كېسەللىكى دېگەن نېمە؟

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تولۇق نامى بولسا «ئېرىشمە ئىممۇنىتېت كەمتۈكلۈك يىغىندى ئالامىتى»دۇر. ئۇ ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەملەرنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادەم بەدىنىنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاجىز-لىتىپ، ھەر خىل پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش ۋە ئۆسمە كېسەللىكىنى پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆلۈمنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر. ئۇ ئىنگلىز-چىدا Acquired Immune Deficiency Syndrome دېيىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ AIDS دېيىلىدۇ.

ئېرىشمە دېگىنىمىز، كېسەللىك ئالامىتى ۋە ۋىرۇسى ئىرسىيەتتىن بولماستىن، بەلكى بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە يۇقتۇرۇشىدىن كېلىپ چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ.

يىغىندى ئالامىتى دېگىنىمىز، ئادەم بەدىنىدە كۆپ خىل كېسەللىك ئالامىتىنى كۆرسىتىدىغان كېسەللىك ھالىتىدۇر.

ئەيدىز كېسەللىكىنى ئىنسانلارنىڭ ئىممۇنىتېتىنى كەمتۈكلەشتۈرگۈچى ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ئىنگلىزچىدا Human Immonodeficiency Virus دېيىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ HIV دېيىلىدۇ. بۇ ۋىرۇس مەخسۇس ئادەملەرنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنى

بۇزۇپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدا-رىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى خۇددى بىر دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى ۋە ساقچىسىغا ئوخشايدۇ. ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئادەم بەدىنىدىكى مۇداپىئە سىستېمىسى بولۇپ، بەدەندىكى باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسلارنى ئۆلتۈرۈش ھەم چىقىرىۋېتىش رولى بار. ئەيدىز ۋىرۇسى مەخسۇس ئادەم بەدىنىدىكى ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىسى ئىچىگە كىرىپ كۆپىيىدۇ ۋە ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىد-سىنى بۇزۇۋېتىدۇ. پەقەت ساق قالغان ئاز بىر قىسىم ھۈجەيى-رىلەرلا بەدەننى قوغدايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇداپىئە كەمچىل بولغاچقا، كېسەللىك بەدەنگە ئاسانلا يۇقىدۇ. ئىممۇنىتېت سىستېمىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كەلگەن راك ھۈجەيرىلىرى ۋە سىرتقى قىسمىدىن كەلگەن كېسەللىك قوزغاتقۇچى تۈرلۈك باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسلارغا قارىتا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك يۇقۇملىنىش ۋە ئۆسمە يۈز بېرىپ، ئاخىرىدا ئادەمنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ بەدەندىكى ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ۋاكسىنىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. گەرچە بۇ جەھەتتە بىر قىسىم ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇكەم-مەل ۋاكسىنىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە يەنە بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى ئەيدىز كېسەللىكىنى تارقىتىش ۋە يۇقتۇرۇشتىكى ئاساسلىق

مەنبە بولۇپ، ئەيدىز ۋىرۇسى ئاساسلىقى ئەيدىز بىمارلىرى ۋە ئەيدىز كېسەللى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ قان، ئىسپىرما، جىنسىي يول ئاجرالمىلىرى، سۈت تەركىبىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆز يېشى، شۆلگىيى، تەرلىرى، سۈيدۈكى ۋە چوڭ تەرىتى ئادەتتە باشقىلارنى يۇقۇملاندۇرمايدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسى پەقەت ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىلا تارقى-لىدۇ. ئادەمدىن هايۋانغا، هايۋاندىن ئادەمگە تارقالمايدۇ.

## 2. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش يوللىرى

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ چوڭ تارقىلىش يولى بار بولۇپ، ئاساسلىقى جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق، قان ئارقىلىق ۋە ئانىدىن بالىغا تارقىلىدۇ.

1) جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق تارقىلىش

بۇنىڭدا ئاساسلىقى قوغدىنىش تەدبىرى قوللانمىغان ئەھۋالدا جىنسىي ئالاقە قىلىش (بەچچىۋازلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەكلى ئارقىلىق ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا، ئەرلەر بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا تارقىلىدۇ، بۇنىڭدا جىنسىي ھەمراھى قانچە كۆپ بولسا، يۇقۇملىنىش خەۋپىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. مەقئەت ئارقىلىق جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئەڭ خەتەرلىك تارقىلىش يولىدۇر. نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش ئاساسلىقى جىنسىي ئالاقىدىن تارقالغان بولۇپ، ئېلىمىزدە بولسا جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق ئەيدىز كېسەل-لىكىدىن يۇقۇملىنىش نىسبىتى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتىدۇ.

خەتەرلىك جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىنكى يۇيۇنۇش ياكى

كىچىك تەرەت قىلىشىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشـقا پايدىسى يوق.

2) قان ئارقىلىق تارقىلىش

ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ قېنىنى ۋە ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغان قاننى قوبۇل قىلىش، مەسىلەن: يىڭنىنى ئورتاق ئىشلىتىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەيدىز ۋىرۇسىدىن بۇلغانغان، بىراق قاتتىق دېزىنفېكـسىيە قىلىنمىغان شپرىس، يىڭنىلەرنى ئىشلىتىش، ئەيدىز ۋىرۇسى تەرىپىدىن بۇلغانغان توقۇلما، ئەزالارنى كۆچۈرۈش، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئۇستىرا، چىش چوتكىلىرىنى ئورتاق ئىشلىتىش، قانۇنسىز قان ئېلىپ قان بىلەن تەمىنلەش، تەكشۈرمىگەن قان ياكى تەكشۈرمىگەن قان ياسالمىلىرىنى سېلىش، يىڭنىنى ئورتاق ئىشلىتىپ قۇلاق تېشىش، قاش، كۆز، لەۋلىرىنى چەكتۈرۈش، بەدىنىنى چەكتۈرۈش، قاتتىق دېزىنفېكـسىيە قىلىنمىغان ئەسۋابلار بىلەن چىش تارتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق تارقىلىدۇ. نۆۋەتتە شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىپ، تومۇرغا ئوكۇل ئۇرۇش ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش بولسا، ئېلىمىزدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق تارقىلىش مەنبەسى بولۇپ قالدى.

3) ئانىدىن بالىغا تارقىلىش

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئايال ھامىلدار بولۇش ۋە تۇغۇت جەريانىدا قان، جىنسىي يول ئاجراتمىلىرى ئارقىلىق ياكى تۇغۇتتىن كېيىن بوۋاقنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىش ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسىنى ھامىلىگە ياكى بوۋاققا يۇقتۇرىدۇ. ئانا بىلەن

بوۋاقنى دورا ئارقىلىق ئۇزۇۋېتىش قاتارلىق تېببىي تەدبىر كۆرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئانىنىڭ ۋىرۇسنى هامىلىگە ياكى بوۋاققا يۇقتۇرۇش نىسبىتى 25% ~ 35% كە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئانا سۈتى بىلەن بېقىش-قا توغرا كەلگەن بوۋاقلارغا قارىتا، ئانا سۈتىنى ئىسسىتىپ ياكى قاينىتىپ ئىچكۈزسىمۇ، ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسى ئىنتايىن ئاجىز ۋىرۇس بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى مۇھىتقا بولغان قارشىلىقى نىسبەتەن ئاجىز، ئادەم تېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئادەتتىكى مۇھىتتا ئۇنىڭ ياشاش ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولىدۇ.

ئامېرىكا كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، هاۋا قۇرغاق بولغاندا ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ هاياتىي كۈچى بىر نەچچە سائەت ئىچىدە 90% ~ 99% تۆۋەنلەيدىكەن، 60℃ تا ئۈچ سائەتتە ياكى 80℃ تا يېرىم سائەت-تە ئەيدىز كېسەللىك ۋىرۇسى ئۆلىدىكەن. ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىل-دىغان دېزىنفېكسىيىلەش دورىلىرىنىڭ هەممىسى ئەيدىز ۋىرۇ-سىنى ئۆلتۈرەلەيدىكەن. ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ B تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسىغا قارىغاندا قارشىلىق كۈچى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، B تىپلىق جىگەر ياللۇغىنى ئۈنۈملۈك دېزىنفېكسىيىلەش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللى-رىنىڭ هەممىسى ئەيدىز ۋىرۇسىغا ماس كېلىدۇ.

شۇڭا ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلى-رىدىن تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئەيدىز يۇقمايدۇ:

1. كۆندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ياكى ئەيدىز بىمارلىرى بىلەن ئادەتتىكى ئۇچرىشىش، يەنى قول ئېلىشىپ كۆرۈ- شۈش، قۇچاقلىشىش، مۇراسىم خاراكتېرلىك سۆيۈشۈش، بىرلىكتە غىزالىنىش، ئەمگەك قوراللىرى، ئىشخانا بۇيۇم- لىرى، پۇل قاتارلىقلارنى ئورتاق ئىشلىتىش قاتارلىقلاردا ئەيدىز ۋىرۇسى يۇقمايدۇ.

2. ئەيدىز كېسەللىكى ئولتۇرما هاجەتخانا، تېلېفون، قاچا ـ قۇچا، كارىۋات جابدۇقلىرى، سۇ ئۈزۈش كۆلچى- كى ياكى ئاممىۋى مۇنچا قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق يۇقمايدۇ.

3. يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش ئارقىلىق ئەيدىز يۇقمايدۇ.

4. چىۋىن، پاشا، كۈمۈتا قاتارلىق هاشاراتلار ئەيدىز كېسەل- لىكىنى يۇقتۇرمايدۇ. تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەيدىز ۋىرۇسى پاشا تېنىدە ئۆسۈپ كۆپىيەلمەيدۇ، پاشا قان شورىغان ۋاقىتتا ئۆز تېنىگە شورىۋالغان قاننى چىقىۋالغان كىشىنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزمەيدۇ، ئەكسىچە شۆلگەي سۈيۈقلۇقىنى سىلىقلاش مېيى سۈپىتىدە ئادەم تېنىگە كىرگۈزۈپ، قان شوراشقا قولايلىق يارىتىدۇ. پاشا قان شورىغاندىن كېيىن ئادەتتە دەرهاللا ئىككىنچى كىشىنى چاقمايدۇ، بەلكى شوراپ بولغان قاننى ئۆز بەدىنىدە هەزىم قىلىشقا بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، نۆۋەتتە دۇنيادا تېخى پاشا ياكى باشقا هاشارات چېقىش تۈپەيلىدىن ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغانلىق ئەهۋالى دوكلات قىلىنمىدى.

## 3 § . ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدىغان خەۋپلىك كىشىلەر

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن يۇقۇملىنىش يوللىرىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى كىشىلەر ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋالىدىغان خەۋپلىك كىشىلەردۇر:

1. ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكەنلەر، قالايمىقان جىنسىي ئالاقە قىلىدىغانلار ۋە كۆپ ئادەم بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىدىغانلار.

2. زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى بولغانلار، يەنى دائىم تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار، قان ياكى قاندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى سالدۇرغانلار، قاناش كېسىلى بارلار.

3. ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا كۆپ بارىدىغانلار، بولۇپمۇ قاش ـ كۆزلىرى، يۈزىنى چەكتۈرۈش ياكى بەدىنىگە قارىتا تىغلىق ياكى ئۈچلۈق ئەسۋابلار بىلەن تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنى قىلدۇرىدىغانلار.

4. ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلاردىن بىرسى ئەيدىز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلاردىن تۇغۇلغان بالىلار.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ قان ياكى قاندىن ياسالغان بۇيۇملار ئارقىلىق تارقىلىش نىسبىتى 100% بولىدۇ.

## 4 § . ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى

ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەم تېنىگە كىرگەندىن كېيىن قان بىلەن بىر مەزگىل ئايلىنىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغان ئادەملەر(يەنى بەدىنىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بولغان كىشىلەر) نىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تېخى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولغاچقا، كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ، بۇنداق ئادەملەر ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغان ئادەملەر دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ئەيدىز ۋىرۇسىنى توشۇغۇچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر قارىماققا ساغلام ئادەملەردىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بەدەندە ئەيدىز كېسەللىكىگە قارشى تەنچە شەكىللىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە پەقەت مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار ياكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىگە بېرىپ قان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا تەكشۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ، بىراق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى قان تەكشۈرۈشتە ئېنىق دىئاگنوز قويۇلۇشتىن بۇرۇنلا باشقىلارغا يۇقۇملاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. يۇقىرىقى جەريان تەخمىنەن ئۈچ ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى كېسەللىك ئالامەتلىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس بولۇپ، پەقەت بىر قىسىم كىشىلەردىلا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ 1 ~ 6

ھەپتىگىچە بولغان ئارىلىقتا قىزىش، ماغدۇرسىزلىنىش، پۈتۈن بەدەن ئارامسىزلىنىش، كۆڭلى ئېلىشىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق زۇكامغا ئوخشاش ئالامەتلەر بولىدۇ. بەزى بىمارلارنىڭ تېرىسىدە ئەسۋىگە ئوخشاش ئالامەتلەر بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەر ئادەتتە بىر ھەپتىدىن تۆت ھەپتىگىچە ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىككە قارىتا داۋالانمىغان يۇقۇملانغۇچىلاردا ئادەتتە كېسەللىك 2 ~ 10 يىلغىچە يوشۇرۇن دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغان ئادەملەرنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تۈرلۈك كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. كېسەللىك ئالامىتى بولسا سەۋەبى ئېنىق بولمىغان دائىملىق رىتىمسىز تۆۋەن قىزىتما، ئاستا خاراكتېرلىك ئىچى سۈرۈش، تەدرىجىي ئورۇقلاش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەردۇر. بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلگەندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا ھەر خىل يۇقۇملىنىش خاراكتېردىكى كېسەللىك ۋە ئۆسمە سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ھەممىسى يۇقۇملاندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە.

## 5 § . ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ۋە تەكشۈرۈش

ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان ياكى يۇقۇملانمىغانلىقىنى ئايرىشتا كېسەللىك ئالامىتىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپلا

ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار ياكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىگە بېرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرۈش كېرەك. ئادەتتە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن قاندىن ئەيدىز ۋىرۇسىنى تەكشۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. ھازىرقى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى بۇ ۋاقىتنى مەلۇم دەرىجىدە قىسقارتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئېنىق دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن يەنىلا ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تەكشۈرتۈش كېرەك. ئەگەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى بايقالسا، ئۆزى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغان ياكى شپرىسنى ئورتاق ئىشلەتكەن كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەكشۈرتۈشكە تەشكىللەش لازىم.

نۆۋەتتە ئەيدىز كېسەللىكىنى تۈپتىن داۋالاپ ساقايتالايدىغان دورا مەيدانغا كەلگىنى يوق، بۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاكسىنىمۇ يوق، بىراق بىر قەدەر مۇنتىزىم ۋە ياخشى بولغان داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، بىمارنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا ئادەتتە تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىنىدۇ:

1. مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار ياكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى.

2. كېسەللىكنىڭ مەلۇم ئالامەتلىرى بولۇش.

3. جىنسىي جەھەتتىكى قالايمىقان ياكى خەتەرلىك ئۆچىرىشىش تارىخى ياكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىپىرىسنى ئورتاق ئىشلىتىپ قالغان تارىخى بولۇش، ۋە ياكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان تىغلىق سايمانلار بەدەنگە سانجىلغان تارىخى بولۇش.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى ئىنتايىن ئۇزاق بولۇپ، ئادەتتە 7 ~ 10 يىلغىچە بولىدۇ. ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن ساغلام روھىي ھالەتنى ساقلاپ، ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىپ، داۋالاشقا ئاكتىپ ماسلىشىپ بەرسىلا، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ئۇزاققىچە ياخشىراق ھالەتتە ساقلىغىلى، شۇ ئارقىلىق يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ، لېكىن بۇ كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ.

ئەگەر جورىسى ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغان بولسا، جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا، يەنى جىنسىي ئالاقىنى باشلاشتىن تارتىپ ئاخىرلىشىپ بولغانغا قەدەر گاندوننى توغرا ئىشلەتسە، يۇقۇملىنىش خەۋپىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ. ئەمما نورمال بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئەيدىز كېسەللىكى يۇقۇپ قالمايدۇ.

## 6 § . ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئادەم بەدىنىدە باشتىن ئۆتكۈزىدىغان دەۋرلىرى

### كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېنىق بولمىغان ئەيدىز كېسەللىكى

ئادەتتە كۆزنەك دەۋرى ۋە يوشۇرۇن دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋرنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

**1. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ كۆزنەك دەۋرى**

بۇ ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئادەم قېنىغا كىرىشىدىن تارتىپ ئادەم قېنىدا ئەيدىزگە قارشى تەنچە(ئانتىتېلا) شەكىللەنگۈچە بولغان ھەمدە نۆۋەتتىكى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر مەزگىلدۇر. بۇ دەۋر ئادەتتە ئۈچ ھەپتىدىن ئۈچ ئايغىچە بولىدۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەردە يېرىم يىلغا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن. بۇ دەۋردە نۆۋەتتىكى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىنىڭ بەدىنىدىن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىق ئالامىتىنى تاپقىلى بولمايدۇ، بىراق بۇنداق كىشىلەر يەنىلا يۇقۇملاندۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، شۇڭا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان دەپ گۇمان قىلىنغان كىشىلەرنى ئۈچ ئايدىن كېيىن قايتا قائىدىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش لازىم.

بۇ دەۋردە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى بولسا قىزىش، تەرلەش، ماغدۇرسىزلىنىش، مۇسكۇللىرى ئاغرىش، تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىچى سۈرۈش، گال ئاغرىش قاتارلىق ۋىرۇسلۇق زۇكام ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە باش ئاغرىش، يورۇقتىن قورقۇش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. بىر قىسىم يۇقۇملانغۇچىلاردا ئەسۋە، داغلىق ئەسۋە، قىزىلگۈل رەڭلىك ئەسۋە، يەلتاشما قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

**2. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى**

ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەم بەدىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن تارتىپ، رەسمىي كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىغىچە بولغان مەزگىل يوشۇرۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلاردا ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ يەنىلا يۇقۇملاندۇرۇش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن دەسلەپتە زۇكامغا ئوخشاش بىر قىسىم ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ ئادەتتە 2 ~ 3 ھەپتە داۋاملاشقاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن يېنىكلەپ قالىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يوشۇرۇن دەۋرى 7 ~ 10 يىلغىچە بولىدۇ، بىراق بىر قىسىم يۇقۇملانغۇچىلاردا كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى بەك تېز بولۇپ، كېسەللىكنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى 2 ~ 3 يىلغا چۈشۈپ قالىدۇ. يەنە بىر قىسىم يۇقۇملانغۇچىلاردا كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، كېسەللىكنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى 12 يىلغا ئۇزىراپ كېتىدۇ.

**3. ئەيدىز كېسەللىكىدىن يۇقۇملانغۇچى**

مەلۇم سەۋەبلەردىن ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرىۋالغۇ-

چىنىڭ بەدەن سىرتىدىكى ئالامەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتە باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھېچقانداق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت بىر قىسىم كىشىلەردە زۇكامغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بىراق كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇنداق كېسەللىك ئالامەتلىرىگە سەل قارىلىدۇ ياكى باشقا كېسەللىك ئالامەتلىرى دەپ قارىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز بۇنداق ئادەملەرنى ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغۇچى دەپ ئاتايمىز.

بۇنداق ئادەمنىڭ قېنىدا ۋە بەدەن سۇيۇقلۇقىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بار بولۇپ، كۆرۈنۈشتە باشقا ئادەملەر بىلەن پەرقلەنمەسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشقىلارغا ئەيدىز ۋىرۇسىنى يۇقتۇرىدۇ. شۇڭا، بۇنداق كىشىلەر ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىدۇر.

### 4. ئەيدىز بىمارى

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ نۇرغۇن يىلدىن كېيىن بەدەننىڭ كېسەلگە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى تۆۋەنلىگەنلىكتىن، نۇرغۇن كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىدا كېسەللىكلەر كۆرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئەيدىز بىمارى بولىدۇ. ئەيدىز بىمارىدا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئۆپكە تۇبېركۇلوزى بىلەن ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ، ئۇندىن باشقا تۇرلۇك تېرە كېسەللىكلىرى ۋە ئۆسمىلەرمۇ ئەيدىز بىمارلىرىدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 7 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى

### 1. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى

ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەم بەدىنىگە كىرىپ يوشۇرۇن دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئادەمدە بىر قاتار كېسەللىك ئالامەت- لىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئالامەتلەر دەسلەپتە بەلۋاغسىمان قوقاق ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ رەسمىي ئەيدىز كېسەللىكى دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاندىن يەنە ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدىغان سەۋەبسىز قىزىتما، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ئىچى سۈرۈش، بەدەن ئېغىرلىقى توختىماستىن تۆۋەنلەش، ئۆپكىسى يۇقۇملىنىش، ھەزىم قىلىش يولى كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدە بولسا، روھىي ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولۇش، بەدەن ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەت- لىرى پەيدا بولىدۇ.

ئۆپكە كېسەللىكلىرى، بولۇپمۇ ئۆپكە تۇبېركۇلوزى ۋە ئۆپكە ياللۇغى ئەيدىز كېسەللىكىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك كېسەللىكتۇر، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەيدىز بىمارلى- رىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق كېسەللىكلەردۇر.

ئەيدىز كېسەللىكىنى مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار ياكى كېسەل- لىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىگە بېرىپ

قان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا تەكشۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

**2. ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالاش**

ئەيدىز كېسەللىكىگە قارىتا ۋىرۇس ۋە ھەر خىل ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ۋىرۇسقا قارشى داۋالاش، پۇرسەت خاراكتېرلىك داۋالاش، قامداپ ۋە ئالامىتىگە قاراپ داۋالاشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

1) ۋىرۇسقا قارشى داۋالاش

نۆۋەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان داۋالاش ئۇسۇلى بولسا، دورىلارنى بىرىكتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۈچ خىلدىن تۆت خىلغىچە بولغان دورىنى بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ. بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا، بىمارنىڭ تېنىدىكى ۋىرۇسلارنىڭ كۆپىيىشىنى ئەڭ زور چەكتە تورمۇزلاپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىمارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالايدۇ.

لېكىن بۇنداق داۋالاشتىمۇ بىر مۇنچە مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، بىرىنچىدىن، بىر قەدەر چوڭ بولغان ئەكس تەسىرى بىمارنى ھەممە داۋالىنىشتىن ۋاز كەچكۈزىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جەزمەن داۋالاش لايىھىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك، بولمىسا داۋالاش ئۈنۈمى ناچار بولۇپ، ۋىرۇسلاردا دورىغا چىداشچانلىق پەيدا بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، جەزمەن ئۆمۈر بويى دورا ئىچىشى كېرەك، بۇ داۋالىنىغۇچى ۋە داۋالانغۇچىغا روھىي، جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

2) پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىشنى داۋالاش

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق كېسەللىك ئالامىتى بولسا پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش، بۇ شۇنداقلا بىمارنىڭ ئاساسلىق تەكشۈرتۈپ داۋالىنىدىغان كېسەللىكلىرىدۇر. پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش دېگىنىمىز، ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلىقى سەۋەبىدىن، ئادەم بەدىنى تۈرلۈك كېسەللىك ۋىرۇسلىرىغا قارىتا مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى يوقاتقاچقا، تۈرلۈك كېسەللىك ۋىرۇسلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئادەم بەدىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك يۇقۇملىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەيدىز بىمارلىرىدىكى پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىشقا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

3) قامداپ ۋە ئالامەتكە قاراپ داۋالاش

بۇ دېگەنلىك پەيدا بولغان ئوخشىمىغان كېسەللىك ئالامەتگە ئاساسەن مۇناسىپ چارە قوللىنىش، ئوزۇقلۇق جەھەتتىن بەدەنگە زۆرۈر ياردەم بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇمۇ ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى مۇھىم ھالقىدۇر.

مەيلى قانداق داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھازىرغا قەدەر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدىغان چارە ياكى دورا تېپىلمىدى. ھەرقانداق داۋالاش ئۇسۇلى پەقەت كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىپ، بىمارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى كېچىكتۈرەلەيدۇ.

## 8 § . ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى(جىنسىي كېسەللىك) ۋە تۇبېركۇلوز كېسەللىكىنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن جىنسىي كېسەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەيدىز كېسەللىكى جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىككە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئادەتتىكى باشقا جىنسىي كېسەللىكلەر بىلەن نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە. بولۇپمۇ جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغان ياكى شۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىش تارىخى بولغان كىشىلەر ئەيدىز ۋىرۇسى تەرىپىدىن تېخىمۇ ئاسان يۇقۇملىنىدۇ ۋە تارقىلىدۇ. باشقا جىنسىي كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش قوشۇلۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئورگانىزم ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقتىن، باشقا جىنسىي كېسەللىكنىڭ ساقىيىش ۋاقتى ئۇزىراپ، داۋالاشنى تەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسانلا قايتىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇملاندۇرۇش دەۋرىنى ئۇزارتىۋېتىپ، ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ.

جىنسىي كېسەللىكلەر ۋاقتىدا، ياخشى داۋالانسا، جىنسىي ئەزالار ئاجراتمىلىرى تەركىبىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يۇقۇش خەتىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

## 2. ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن تۇبېركۇلوز كېسەللىكىنىڭ مۇناسىۋىتى

تۇبېركۇلوز كېسەللىكلىرى ئەيدىز كېسەللىكلىرىدە ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىشنىڭ بىرى بولۇپ، تۇبېركۇلوز تاياقچە باكتېرىيىسى بىلەن ئەيدىز ۋىرۇسىدىن قوش يۇقۇملانغاندا، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ يامانلىششى ۋە ئۆلۈشنى تېزلىتىدۇ. تۇبېركۇلوز كېسىلى بولغان ئادەم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغاندا، بەدەندىكى ئەسلىدە تۇراقلىق بولغان كونا تۇبېركۇلوز ئۇچاقلىرىنى قايتىدىن جانلاندۇرىدۇ، ھەمدە ئادەم بەدىنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىزلىغانلىقتىن، يېڭىدىن تۇبېركۇلوز تاياقچە باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملاندۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم تۇبېركۇلوز تاياقچە باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن بەدەندىكى ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئادەتتە ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانمىغانلار تۇبېركۇلوز تاياقچە باكتېرىيىسىدىن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، ئۆمرىدە تۇبېركۇلوز كېسىلى پەيدا بولۇش نىسبىتى 10% ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەكسىچە ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلارنىڭ 10% ىدە بىر يىل ئىچىدە تۇبېركۇلوز كېسىلى پەيدا بولىدۇ. ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، دوختۇرنىڭ تەلىپى بويىچە مۇنتىزىم داۋالاشتا چىڭ تۇرغاندىلا تۇبېركۇلوزنى داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى 95% تىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئەيدىز بىمارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۇبېركۇلوز كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

## 9 § . ئاياللار ۋە ئەيدىز كېسەللىكى

دۇنيا بويىچە 38 مىليون 600 مىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ سانى 17 مىليون 500 مىڭغا، 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ سانى ئىككى مىليون 300 مىڭغا يەتكەن. ئاياللار فىزىئولوگىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئاجىز كېلىدۇ.

دۇنيا بويىچە ھەر كۈنى 15 مىڭ ئادەم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنى ئاياللار بولۇپ، يۇقۇملانغان ھەر 10 ئايالنىڭ توققۇزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ياشايدۇ.

بارلىق يۇقۇملانغان ئاياللارنىڭ بەشتىن تۆت قىسمى ئەر جىنسىي ھەمراھى(يات جىنسلىقلار ئارقىلىق يۇقۇش) ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇۋالغان بولۇپ، قالغانلىرى قان سالدۇرۇش ياكى بۇلغانغان شپرىس بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكنى تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ سالغانلىقتىن يۇقتۇرۇۋالغان.

ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي كىرىمى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، جەمئىيەتتىكى رولى قاتارلىقلارنى ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدىكى ئاجىز توپقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

1. ئاياللارنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىگە مايىل بولۇش ئامىل-لىرى

1) فىزىئولوگىيىلىك مايىلچانلىق

قوغدىنىش تەدبىرى بولمىغان شارائىتتىكى يات جىنسلىقلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتا، ئەرلەر ئارقىلىق ئاياللارغا يۇقۇش نىسبىتى 0.1%~0.12% كىچە بولىدۇ، ئاياللاردىن ئەرلەرگە يۇقۇش نىسبىتى بولسا 0.1%~0.3% كىچە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، ئاياللار جىنسىي يولى شىلىمشىق پەردى-سىنىڭ مايىلچانلىقى، ئۇرۇقتىكى HIV ۋىرۇسى مىقدارىنىڭ ئاياللارنىڭ جىنسىي يول ئاجرالمىلىرىدىن خېلىلا يۇقىرى بولغانلىقى ۋە HIV ۋىرۇسىنىڭ مەقئەت ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىدا هايات تۇرۇشىنىڭ تېخىمۇ ئاسان بولۇشىدىن ئىبارەت.

فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى ئاجىزلىق قوغدانغىلى بولماس-لىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

2) جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق

① جىنسىي ساۋاتىنىڭ كەمچىل بولۇشى

ئاياللارنىڭ جىنسىي ساغلاملىق جەھەتتىكى بىلىمى كەمچىل بولغاچقا، جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىدا ئاسانلا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىدىغان خەتەرلىك قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. باشقا جىنسىي كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملاز-غاندىن كېيىن ۋاقتىدا داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماسلىق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ يەنە بىر خەتەرلىك ئامىلىدۇر.

② جەمئىيەتتىكى جىنسىي باراۋەرسىزلىك

ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت،

ئائىلىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ھوقۇقىنىڭ تەكشى ۋە باراۋەر بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن ئاياللار جىنسىي ھەمراھى بىلەن بىخەتەر جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش جەھەتتە مەسلىھەتلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ.

③ ئائىلىدىكى باراۋەرسىزلىك

ئادەتتە ئەرلەر ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي كىرىمى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، جەمئىيەتتىكى رولى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ خىل باراۋەرسىزلىك ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ھوقۇقتىكى باراۋەرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ئەرلەر بەزى ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ئاياللار ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا توسالغۇغا ئۇچراش، مەجبۇرىي ھالدا نىكاھلىنىش، ئائىلىدىكى مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە كونترول قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

④ قىزلار تەربىيىلىنىش ھوقۇقى جەھەتلەردە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولالمايدۇ

قىزلارنىڭ بالدۇر نىكاھلىنىشىمۇ ئائىلە ھوقۇقى جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى ھەمدە ئاياللارنىڭ بۇ خىل كېسەللىكنى ئاسان يۇقتۇرۇۋېلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يېشى چوڭ ئەرلەر بىلەن توي قىلىش ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى، پىكىر قىلىشى ھوقۇقى، ئىقتىسادتا ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى باراۋەرسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇن جايلاردا بالدۇر توي قىلىپ، ھامىلىدار بولۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا

ئۆچراش ياكى ئائىلە ئىشلىرى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىزلارنىڭ مەكتەپتىن چېكىنىش مۇمكىنچىلىكى ئوغۇللارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. تەربىيىلىنىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى ئوخشىمىسىزلىقلار ۋە بۇ خىل باراۋەرسىزلىك تاكى ئۇلار بالاغەتكە يەتكۈچە داۋاملىشىدۇ. مەكتەپكە كىرەلمىگەن باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار ئىچىدە قىزلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

⑤ ئاياللار ئىقتىسادتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدۇ

ئاياللار ئىقتىسادىي ۋە مالىيە جەھەتتە ئېرىگە، باشقا ئەر تۇغقانلىرىغا بېقىنىدۇ، بۇ خىل ئەھۋاللار ئاياللارنىڭ ھەر ۋاقىت پاسسىپ ھالەتتە ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش خەۋپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇستەقىل ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللارغا نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە بولمىسا، ئاسانلا نامراتلىشىپ، زوراۋان كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، ھەتتا ئۆي ماكانسىز قالىدۇ. ئۇندىن باشقا نامراتلىق ئاياللارنىڭ كېسەللىك خەۋپى بار دەپ قارىغانلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

⑥ جىنسىي بىلىملەرنى بىلمەسلىك ئاياللارنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ

قىزلارنىڭ جىنسىي بىلىملەرنى ئىگىلىمەسلىكى بولسا، جىنسىي ھەرىكەتكە بولغان تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى ۋە قارار

چىقىرىش ھوقۇقىنى ئەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەرلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

⑦ جىنسىي زوراۋانلىق

ئاياللارنىڭ جىنسىي زوراۋانلىققا ئۇچرىشى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. چۈنكى جىنسىي زەربە ياكى مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدە ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزالىرىدا جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. يەنە زوراۋانلىق ۋە زوراۋانلىقتىن قورقۇش سەۋەبىدىن ئاياللار جىنسىي ھەمراھى بىلەن بىخەتەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا كېڭەشەلمەيدۇ، جىنسىي ھەمراھى بىلەن ئۆز ئارا سادىق بولۇش توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشەلمەيدۇ ياكى خەۋپلىك جىنسىي مۇناسىۋەتتىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولغان دەپ بەكرەك ئەيىبلىنىدۇ ۋە زەربىگە ئۇچرايدۇ.

⑧ جىنسىي ساغلاملىق مۇلازىمىتى ئارقىدا قالغان

ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى ياكى بەشتىن تۆت قىسمىنى ئىگىلەيدىغان جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئايال بىمارلار بايقالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي، چۈنكى بۇ بىمارلاردا ئاغرىش ياكى باشقا كېسەللىك ئالامىتى بولمىغان ۋە ياكى بۇ خىل كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئاسان سېزەلمىگەن. يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدە، ئادەتتە ئاياللار ئۆزىنى ئىنتايىن بىخەتەر دەپ قارىغانلىقتىن مۇھەببەتكە سادىق بولۇش ئېتىقادى ئۇلارنى ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش خەۋپى يوقلۇقىغا ئىشەندۈرگەنلىكتىن، جىنسىي كېسەللىك

سىزىلگەن ھالەتتىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى خالىمايدۇ. تېببىي خادىملارمۇ جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئاياللارغا ھېسداشلىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلار مۇۋاپىق ساغلاملىق مۇلازىمىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللار جەمئىيەتتە كەمسىتىلىدىغان بولغاچقا، ئاياللار ئۆزىنى تەكشۈرتۈشنى ۋە داۋالىنىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. بۇنداق بولغاندا ئاياللارنىڭ كېسەللىكىنى بايقاش تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ، شۇنداقلا ئەيدىزنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

⑨ تۇغۇت قارىشى

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا يامرىشى، كەمسىتىش ۋە باراۋەرسىزلىك ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزالىرى ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئاياللار تۇغۇتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن مەجبۇرىي تەكشۈرۈلۈشى مۇمكىن. سەھىيە تارماقلىرى ئۇلارنى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ۋە تۇغۇت چەكلەشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ تۇرلۇك بېسىم ۋە ناتوغرا ئۇچۇر سەۋەبىدىن مۇشۇنداق قىلىشى مۇمكىن.

ئاياللارنىڭ ئۆز قىممىتى بىلەن پەرزەنتلىك بولۇش ئىقتىدارى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن جەمئىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە، پەرزەنتلىك بولالمىغانلار كەمسىتىلىدۇ، بۇ قوغدىنىش تەدبىرى بولمىغان جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ھامىلىدار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللار بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشنى رەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، بالىنى بىخەتەر سەپلىمە ئوزۇقلۇق بىلەن بېقىش

ئىمكانىيىتى بار رايونلاردىمۇ ئانا سۈتى بىلەن بېقىۋېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال شۈبھىسىزكى، ئاياللارنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشىنى ۋە ئانىدىن بالىغا يۇقۇش خەۋپىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

## 2. ئانىدىن بالىغا يۇقۇش

### 1) ئانىدىن بالىغا يۇقۇش

ئانىدىن بالىغا يۇقۇش بالىلارنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. بۇ يەنە بىۋاسىتە يۇقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ يۇقۇش يوللىرى بولسا بىرىنچىدىن، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئاياللار ئەيدىز ۋىرۇسىنى بالا ھەمراھىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشى ئارقىلىق بالىغا يۇقتۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئاياللار تۇغۇت جەريانىدا بولغانغان تۇغۇت يولى ئارقىلىق بالىغا يۇقتۇرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئاياللار بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانا سۈتى بىلەن بېقىش ئارقىلىق يۇقتۇرىدۇ. شۇڭا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللار ھامىلىدار بولسا بالىغا ئاپەت خاراكتېرلىك تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. ماتېرىياللاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بۇنداق ئاياللاردىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۇغۇلۇشىدىنلا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىدىكەن.

ئانىدىن بالىغا يۇقۇش ئەھۋالى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئانىدىن بالىغا يۇقۇش ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار سانى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %10 ~ %5

نى تەشكىل قىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە دەسلەپكى مەزگىلدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ئىچىدە ئانىدىن بالىغا يۇقۇش نىسبىتى ئاران 2% بولدى. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى بولمىغان شارائىتتا باللارنىڭ HIV ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش خەۋپى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە 15%~20%، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە 25%~30% بولدى.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئانىدىن بالىغا يۇقۇش بولسا 15 ياشتىن تۆۋەن باللار ئارىسىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەن. ئەيدىز كېسەللىكى تارقالغاندىن بۇيان ئۈچ مىليون بالا ھاياتىدىن ئايرىلغان، يەنە بىر مىليون بالا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان.

2) ئانىدىن بالىغا يۇقۇش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش

بىرىنچىدىن، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، تۇغۇتنى توختىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئاياللار ئۆزى ئارزۇ قىلىش خاراكتېرىدىكى تۇغۇتقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ھامىلىدار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللارغا قارىتا ۋاقتىنچە ۋىرۇسقا قارشى دورىلار بىلەن داۋالاش ۋە بوۋاقلارنى بىخەتەر سەپلىمە ئوزۇقلۇق بىلەن بېقىش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئانىدىن بالىغا يۇقۇش خەۋپىنى 10% تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. ھامىلىدار بولۇپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارغا ئەيدىز كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرىدىغان دورا AZT ۋە3TG نى ئىشلىتىش لازىم. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بىر ئاي AZT نى ئىشلىتىش

كېرەك. كۆزىتىلىشىچە، بۇ خىل چارە ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئانىدىن بالىغا يۇقۇش نىسبىتىنى 28% تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن.

## 10 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى كۆپ تەرەپلىك بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى ياش ئەمگەك كۈچلىرىگە زىيان ئېلىپ كېلىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى.

ستاتىستىكىدا ئاشكارىلىنىشىچە، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىنى 5% ~ 2% تۆۋەنلىتىۋەتكەن. مۆلچەرلىنىشچە، 2000 – يىلىدىن 2020 – يىلىغىچە پۈتۈن دۇنيادا 68 مىليون ئادەم ئەيدىز كېسەللىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

2. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى نامرات ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش يېشىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. مەسىلەن: ئافرىقا قىتئەسىدىكى بوتسۋانادا ئەيدىز كېسەللىكى ئېغىر ھالدا تارقالغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 62 ياشتىن تۆۋەنلەپ، نۆۋەتتىكى 39 ياشقا چۈشۈپ قالدى.

3. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى نامرات ئاھالىلەرنى كۆپەيتىۋەتتى، نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى زورايتىۋەتتى.

پۈتۈن دۇنيادىكى ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ تەخمىنەن 90% ى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ياشايدۇ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مەسىلەن: بۇركىنافاسو، رىۋاندا، ئۇگاندا قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ئېلىپ بارغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى نامراتلىقنى ئازايتىش پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نامرات ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋەتكەن. مۆلچەرلىنىشچە، نامرات ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتى 2000 - يىلىدىكى 45% تىن ئۆرلەپ، 2015 – يىلىغا بارغاندا 51% كە يېتىدىكەن. مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، ئىككى مىليون 400 مىڭدىن ئۈچ مىليون 300 مىڭغىچە ئادەم ئەيدىز كېسەللىكى تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ كېتىدۇ.

4. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى زور مىقداردا يېتىم باللار، تەنھا، ياشانغانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە شۇ تۈپەيلىدىن بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلغان.

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 14 مىليون بالا ئەيدىز كېسەللىكى تۈپەيلىدىن ئانىسى ياكى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 80% ى سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا ئەللىرىدە ياشايدۇ. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يېتىم باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ۋە كۆيۈنۈشىدىن ئايرىلىپلا قالماي،

يەنە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۇرالغۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، سالامەتلىك ۋە تەربىيىلىنىش ھوقۇقىمۇ ئېغىر دەخلىگە ئۇچرىماقتا.

5. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى تۇپەيلىدىن دوختۇر ـ خاندا يېتىش ئېھتىياجى ۋە داۋالاش راسخوتى شىددەت بىلەن ئېشىپ بارماقتا، سەھىيە بايلىقى زور دەرىجىدە خورىغانلىقتىن سەھىيە بايلىق مەنبەسى چەكلىك بولۇۋاتقان بىر قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئېغىر تەسىرگە ئۇچراپ، ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلاپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

ئەيدىز كېسەللىكى ئېغىر دەرىجىدە تارقىلىۋاتقان بەزى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ئەيدىزگە ئالاقىدار داۋالاش راسخوتى دۆلەت سەھىيە خامچوتىنىڭ يېرىمىنى ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىمەكتە.

6. ئەيدىز كېسەللىكى يەنە ئائىلىگىمۇ ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار بار ئائىلە پارچىلىنىپ كېتىدۇ، بۇ ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى ياكى ئىككىلىسى ئەيدىز كېسەللىكى تۇپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئەيدىز كېسەللىكى سەۋە-بىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىپ، شۇ ئائىلە پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. يەڭگىلرەك بولغاندا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئائىلىنىڭ كىرىمى ئازلاپ كېتىدۇ، ئائىلە ئىقتىسادى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ.

7. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى جەمئىيەت مۇقىملىـ-قىغا يوشۇرۇن خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى بولسا كەمسىتىش، ئىشسىز ـ

لىق، ئوقۇشتىن قېلىش قاتارلىقلار جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى كەمستىلىش ۋە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنى كۈچەيتىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە قورقۇنچ پەيدا بولىدۇ؛ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ياخشى كونترول قىلىنمىغاندا، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغىمۇ زىيان سالىدۇ.

## 11 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق تارقىلىش، قان ئارقىلىق تارقىلىش ۋە ئانىدىن بالىغا تارقىلىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئۈچ خىل تارقىلىش يولى بار بولۇپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يۇقىرىقى ئۈچ خىل تارقىلىش يولىغا قارىتا مۇناسىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانساق بولىدۇ.

**1. جىنسىي ئۇچرىشىش ئارقىلىق تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

جىنسىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش، جىنسىي ھەمراھىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۆز ھەمراھىغا سادىق بولۇش ۋە بىخەتەر جىنسىي ھەرىكەت بولسا، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جىنسىي يول ئارقىلىق تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر-دۇر. سۈپەتى لاياقەتلىك بولغان گاندوننى توغرا ئىشلەتكەندە

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يۇقۇش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدۇ. جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالسا، ياكى جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىدىن گۇمان قىلسا، بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياكى مۇنتىزىم دوختۇرخانىلارغا بېرىپ بالدۇرراق تەكشۈرتۈپ داۋالىنىش كېرەك.

2. قان ئارقىلىق تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

بۇنىڭدا ئاساسلىقى زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن يىراق تۇرۇش ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش كېرەك. زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغانلارغا زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاش ۋە خۇمارىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش، زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارىنى تۈگىتىشكە ۋاقتىنچە ئامال قىلالمىغانلارغا قارىتا مېتادون(美沙酮) بىلەن قامداپ داۋالاش ئۇسۇلى ۋە پاكىز بولغان شپرىس ۋە يىڭنىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شپرىس ۋە يىڭنىنى ئورتاق ئىشلىتىپ تومۇردىن زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك.

ئەيدىز ۋىرۇسى تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولمىغان قان، قاندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە ئەزالارنى قوبۇل قىلماسلىق، قاتتىق ئۆلچەم بويىچە دېزىنفېكسىيىلەنمىگەن شپرىسنى ئىشلەتمەسلىك، باشقىلار بىلەن شپرىس ۋە ئۇستىرىلارنى ئورتاق ئىشلەتمەسلىك، بىر قېتىمدىلا ئىشلىتىلىدىغان شپرىس قاتارلىق بىخەتەر ئوكۇل قىلىش ئۇسۇللىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش لازىم.

3. ئانىدىن بوۋاققا يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغان ئاياللار ھامىلىدار بولۇشتىن ساقلىنىش، ئەگەر ھامىلىدار بولۇپ قالسا، دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھامىلىدارلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش ياكى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىشىش، يەنى بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش ياكى داۋاملىق ھامىلىدار بولۇۋېرىشنى ئويلىشىش، ھامىلىدارلىقنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانلار ۋىرۇسقا قارشى دورىلارنى ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك قورساقنى يېرىپ تۇغدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تارقىلىشنى تۇسۇش، تۇغۇتتىن كېيىن بوۋاقنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىشتىن ساقلىنىش قاتارلىق جەھەتلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

4. «قىزىل لېنتا» نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟

«قىزىل لېنتا» ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىشكە سىمۋول قىلىنغان. ھاياتلىقنى سۆيۈش ۋە باراۋەرلىككە بولغان تەشنالىققا سىمۋول قىلىنغان. كىشىلەرنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە «چىن دىلى» بىلەن قاتنىشىشىغا سىمۋول قىلىنغان.

## 12 § . ئېلىمىزنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى

1985 – يىلى ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم ئەيدىز كېسەللىكى بايقالغاندىن بۇيان، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى سىرتتىن

كىرىش باسقۇچى(1985 ~ 1988 - يىللىرى)، تارقىلىش باسقۇچى(1989 ~ 1995 - يىللىرى)، كۆپىيىش باسقۇچى(1995 - يىلىدىن 2000 - يىللىرىغىچە) ۋە تېز كۆپىيىش باسقۇچى(2001 - يىلىدىن بۇيان) دىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چەت ئەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش تەجرىبىسىنى ئەينەك قىلىپ، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش»تىن ئىبارەت تۈپ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوخشىمىغان باسقۇچقا ئاساسەن ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا تۈزۈپ تەڭشىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

**1. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كونترول قىلىش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى**

1) ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىش، تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمەت مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەندە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايدا ۋە

مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تارماقلاردا ھەر قايسى دەرىجىلەر بويىچە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلدى. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۆز جايلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش پىلانى ۋە لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىش، تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمەت مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

2) قانۇنسىز قان ئېلىش، تەمىنلەش پائالىيىتىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ قان ئېلىش، تەمىنلەش يولى ئارقىلىق تارقىلىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدى ئېلىندى.

1999 – يىلىدىن باشلاپ، سەھىيە مىنىستىرلىقى قان ئىشلىتىش، قان ماتېرىيالى، قان پلازمىلىرىنى ئېلىش، تەمىنلەش جەھەتتە ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۇدا قانات يايدۇردى.

2004 – يىلى گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى «قانۇنسىز قان ئېلىش، تەمىنلەش ۋە قان پلازمىلىرىنى يەككە ئېلىشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمەت لايىھىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. سەھىيە مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، يېمەك-لىك، دورىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى مەخسۇس تۈزەش رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە قان ئېلىش، تەمىنلەشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

3) «تۆتنى كەچۈرۈم قىلىش، بىرگە كۆڭۈل بۆلۈش» سىيا-سەت تەدبىرلىرى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

دۆلەت مەخسۇس مەبلەغ ۋە كېتەرلىك دورا، ماددىي

ئەشيالارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق رايونلارنى قوللاپ، «تۆتنى كەچۈرۈم قىلىش، بىرگە كۆڭۈل بۆلۈش» سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بەش خىل ۋىرۇسقا قارشى دورىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشكە تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بىر قەدەر تۆۋەن باھادا ئۈچ خىل دورىنى ئىمپورت قىلىپ، نۆۋەتتىكى داۋالاش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

2005 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە ۋىرۇسقا قارشى داۋالىنىش دائىرىسى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالدىنى ئېلىش سىناق نۇقتا خىزمىتىمۇ مەملىكەت بويىچە ھەممە جاينى قاپلىدى.

4) ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش بويىچە تەشۋىق ـ تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى.

سەھىيە مىنىستىرلىقى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقى، مائارىپ مىنىستىرلىقى قاتارلىق 12 مىنىستىرلىق كومىتېت ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كونترول قىلىش تەشۋىقاتىنى كەنت ۋە مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈشنى يولغا قويۇش يىغىنىنى چاقىرىپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساۋاتىغا دائىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقىتىپ بەردى.

5) ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش راسخوت سېلىنمىسى زورايتىلدى.

مەركەز مالىيىسى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كونترول قىلىش مەخسۇس راسخوت سېلىنمىسى يىلمۇ يىل كۆپەيتىپ بەردى.

ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) مالىيە-سىمۇ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش راسخوت سېلىنمىسىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى.

6) يۇقۇم ئەھۋالىنى كۆزىتىش كۈچەيتىلىپ، ھەرىكەت جەھەتتىن ئارىلىشىش ۋە ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش كونترول قىلىش تەدبىرى كېڭەيتىلدى.

دۆلەت يۇقۇم ئەھۋالىنى تور ئارقىلىق بىۋاسىتە مەلۇم قىلىش ئۇچۇر سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك كۆزىتىش نۇقتىلىرىنى كۆپەيتتى.

ھەقلىق قان تەقدىم قىلغانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەيدىز ۋىرۇ-سى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە بىمارلارنى تېزدىن بايقاپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 2005 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا مەملىكەت بويىچە بۇرۇن قان بىلەن تەمىنلىگەن ئادەم توپى ۋە تۇرمىگە كىرگەنلەر، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا تەربىيە-لەنگەنلەر تەكشۈرۈلۈپ، يۇقىرىقى ئادەملەر توپى ئىچىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى ئاساسي جەھەتتىن ئىگىلە-لىنىپ، داۋالاش شەرتىگە چۈشىدىغان بىمارلار ۋاقتىدا ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش بويىچە داۋالاندى.

سەھىيە مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئالتە مىنىستىرلىق كومىتېت ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گاندون

ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش ھەققىدىكى يولغا قويۇش پىكرىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى.

7) جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋە ئەل ئىچى تەشكىلاتلار تەشۋىقات ۋە قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى(جۇڭگو ياشلار بىرلەشمىسى)، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، قىزىل كرېست باش جەمئىيىتى، جۇڭگو ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش فوندى جەمئىيىتى، جۇڭگو كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى، جۇڭگو تېبابەت ئىلمى جەمئىيىتى، جۇڭخۇا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېبىبىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ساغلاملىق تەربىيىسى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئائىلە تەربىيىسى جەمئىيىتى، جۇڭگو جىنسىي كېسەللىكلەر ئىلمى جەمئىيىتى، جۇڭگو مائارىپ ئىلمى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئالىي مائارىپ جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىي تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭخۇا پەرۋىش ئىلمى جەمئىيىتى، جۇڭگو تۆمۈر يول جەمئىيىتى قاتارلىق نەچچە ئونلىغان كەڭ تەسىرگە ئىگە مۇھىم ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئەل ئىچى تەشكىلاتلىرى تەشۋىق - تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش، يۇقىرى خەۋپلىك كىشىلەر توپىغا ئارىلىشىش، يۇقۇملانغانلار ۋە بىمارلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

8) ئىلمىي تەتقىقات ۋە خەلقئارالىق ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى.

ئېلىمىز ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول

قىلىشقا دائىر زور پەن تەتقىقات تۈرىنى تەسىس قىلدى، ئىككى ئۆلكىدە تەتقىقات مۇنبىرى قۇرۇلۇپ، داۋالاش لايىھىسى، داۋالاش دورىسى، ۋاكسىنىسى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم دورىلار تەجرىبە باسقۇچىغا كىردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلىتىمىز يەنە خەلقئاراغا بەرگەن بەش تۈرلۈك ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ب د ت ئەيدىز كېسەللىكى پىلان مەھكىمىسى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلات ۋە ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى پائال كۈچەيتتى.

**2. دۆلىتىمىزنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمىتىگە دائىر ئاساسلىق قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە سىياسەت ھۆججەتلىرى**

1) ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش خىزمىتىگە دائىر ئېلان قىلىنغان قانۇن ـ نىزاملار

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش قانۇنى»

«ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش نىزامى»

2) ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىگە دائىر ئېلان قىلىنغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر

«دۆلىتىمىزنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانى (1998 يىلىدىن 2010 ـ يىلىغىچە)»

«گوۋۇيۈەننىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

«جۇڭگونىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كونترول قىلىش ھەرىكەت پىلانى»

3) ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىگە دائىر ئېلان قىلىنغان ئاساسلىق سىياسەت ھۆججەتلەر

«گوۋۇيۈەن ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ < مەملىكەت بويىچە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كونترول قىلىش تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى يېتەكچى لايىھىسى(2004 – يىلىدىن 2008 – يىلىغىچە) > نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»

«گوۋۇيۈەن ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ > گوۋۇيۈەن ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمەت مەسئۇلىيىتى < نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»

گوۋۇيۈەن ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى، سەھىيە مىنىستىرلىقى، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، مەملىكەتلىك

سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «مەملىكەت بويىچە دېھقان ئىشلەمچىلەردە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەشۋىقات تەربىيە قۇرۇلۇشىنى بىرلىشىپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

«گوۋۇيۈەن ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

سەھىيە مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «خىروئىنغا خۇمار بولۇپ قالغانلارنى مەھەللىلەردە دورا بىلەن قامداپ داۋالاش خىزمىتى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق لايىھىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»

سەھىيە مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «ئەيدىز ۋىرۇسىغا تاقابىل تۇرۇپ داۋالاش ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەسلىھەت بېرىپ تەكشۈرۈش چارىسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»

سەھىيە مىنىستىرلىقى، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، دۆلەتلىك يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ «ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن گاندون ئىشلىتىشنى كېڭەيتىشنى يولغا قويۇش پىكرى»

سەھىيە مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىد-

دىغان سورۇنلاردىكى خادىملارغا قارىتا ئەيدىز ۋىرۇسىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش لايىھە-سىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

سەھىيە مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك جۇڭگوچە تېبابەت دورىدىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «ئەيدىز ۋىرۇسىغا تاقابىل تۇرۇپ داۋالاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى ھەققىدىكى پىكرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «تېببىي خادىملارنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى يېتەكچى پرىنسىپ(سىناق نۇسخا) نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

سەھىيە مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «قانۇنسىز قان ئېلىش تەمىنلەش ۋە قان پلازمىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەشۋىقات تېزىسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «گوۋۇيۈەن ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى پىكرى»

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ «ئەيدىز ۋىرۇسىغا تاقابىل تۇرۇپ داۋالاش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ «تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئەيدىز بىمارلىرى، بىمارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئەيدىز بىماردىن يېتىم قالغانلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، سەھىيە مىنىستىرلىقى، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەيدىز كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»

## 13 § . دۆلىتىمىزنىڭ ئەيدىز بىمارلىرىغا قارىتا يولغا قويغان «تۆتنى كەچۈرۈم قىلىش، بىرگە كۆڭۈل بۆلۈش» سىياسىتىنىڭ مەزمۇنلىرى

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنى قۇتقۇزۇش، غەمخورلۇق قىلىش سالمىقىنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تۈردە كۈچەيتىش ئۈچۈن، 2003 - يىلى گوۋۇيۈەن ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىشتىكى «تۆتنى كەچۈرۈم قىلىش، بىرگە كۆڭۈل بۆلۈش» سىياسەت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىدەك:

**تۈت كەچۈرۈم:**

1. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يېزا ئاھالىلىرى ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق داۋالىنىش كاپالەت تۈزۈمىگە قاتناشمىغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلار ئارىسىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنى ئەيدىز كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش دورىلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش.

2. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ، تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلغانلارنى ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش ۋە ھەقسىز دەسلەپكى تەكشۈرۈش بىلەن تەمىنلەش.

3. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئاياللارنى ئانا بىلەن بوۋاقنى ئايرىش دورىلىرى ۋە بوۋاقنى تەكشۈرۈش دورىلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش.

4. ئەيدىز كېسەللىكى سەۋەبىدىن يېتىم بولۇپ قالغان بالىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىش.

**بىر گە كۆڭۈل بۆلۈش:**

تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغانلارنى ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تۇرمۇشىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش.

ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ، تەكشۈ-

روشنى ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلىش دېگىنىمىز، كىشى- لەرنىڭ ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەسلىھەت سوراش، مەسلىھەت سورىغاندىن كېيىن ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىقنى تاللاش ۋە قارار قىلىش جەريانىنى كۆرسى- تىدۇ. بۇ جەريان ئىختىيارىي ۋە مەخپىي بولىدۇ. مەسلىھەت سوراش تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى مەسلىھەت سوراش، تەكشۈ- رۈشتىن كېيىن مەسلىھەت سوراش، ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە مەسلىھەت سوراش، ياردەم سوراپ مەسلىھەت سوراش، ئالاھىدە ئېھتىياج بىلەن مەسلىھەت سوراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 14 § . ئەيدىز كېسەللىكىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش تەدبىرلىرى

1. زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش تەشۋىقاتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، تومۇرغا ئوكۇل ئۇرۇش ئارقىلىق زەھەر- لىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنى باشقىلار بىلەن شپىرىسنى ئورتاق ئىشلىتىپ، زەھەرلىك چېكىملىك چەكمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇش، زۆرۈر بولغاندا ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن شپىرىسنى ئورتاق ئىشلىتىپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى چەكلەش، ئەڭ ياخشىسى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئادىتىنى تۈگىتىپ، زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاش. ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋېلىش خەۋپى بولغان كىشىلەر توپى ۋە ئەيدىز كېسەللى- كىگە مايىلچان كىشىلەر توپىغا قارىتا ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش ۋە تەشۋىقاتنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش.

2. ھەر خىل جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالسا بالدۇرراق مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار ياكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىگە بېرىپ قائىدىلىك داۋالىتىشنى تەشەببۇس قىلىش، ياكى ئۆز جايىدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش ئاپپاراتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن قىزىق لىنىيىلىك مەخسۇس تېلېفونلار ئارقىلىق مەسلىھەت ۋە ياردەم سوراش.
3. ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاق قارىشىنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ناچار جىنسىي قىلمىشلارنى ئۆزگەرتىش، ئۆز جىنسىي ھەمراھىغا سادىق بولۇش، خەتەرلىك جىنسىي قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىق، گاندوننى 100% توغرا ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق تارقىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش.
4. داۋالاش ئورگانلىرى دوختۇرخانا مەنبەلىك يۇقۇملىنىشنى توسۇش، بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدىغان شپرىس ۋە يىڭنىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش.
5. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغان ئاياللار بەلگىلەنگەن داۋالاش ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئانا بىلەن بوۋاقنى ئايرىپ داۋالاشنى قوبۇل قىلىش، تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن سۈنئىي ئۇسۇلدا ئېمىتىش.
6. خالىس قان تەقدىم قىلىشقا ئىلھام بېرىش، قانۇنسىز قان ئېلىش ۋە قان تەمىنلەش ئورۇنلىرىنىڭ قان سېتىش قىلمىشلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىش.
7. سەھىيە كارانتىن خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك

ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب ـ سايمانلارنىڭ بىر قېتىملا ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب سايمان بولۇشىغا ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل دېزىنفېكسىيە قىلىنغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

## 15 § . ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتمەسلىك

**1. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتىش دېگەن نېمە؟**

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتىش دېگەنلىك كىشىلەرنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا بولغان ناتوغرا قاراشنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولۇش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئادىل بولمىغان قىلمىش ئەيدىز كېسەللىكى تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۇقۇملانغۇچىلارغا ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى ئازايتىشتىكى ئەڭ زور توسالغۇدۇر.

كىشىلەرنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنى ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولسا، ئۇلارنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك تونۇشىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن خەۋەر قىلغانلىقىدىن، ئەڭ مۇھىمى ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقىلى

بولماسلىق ئەمەلىيىتى ئۇلاردا قورقۇش پسىخىكىسى پەيدا قىلىپ قويغانلىقىدىن بولغان. چۈنكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈ-چىلەر، قالايمىقان جىنسىي قىلمىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلىشىدىغانلار ئارىسىدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچ-لىقتىن، كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئەيدىز كېسەللىكىنى جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەر بىلەن باغلىغاچقا، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا قارىتا بىر تەرەپ-لىمە قاراشتا بولىدۇ.

## 2. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلى-رىنى كەمسىتىش دۇنيا بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ئىللەت. ئەمما شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار گۇناھسىز، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملاندۇرغۇچىلار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ دېگەن قاراش بەكمۇ ئاددىي قاراش ھېسابلىنىدۇ. ئەيدىز كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا غەلىبە قىلغۇچى بولمايدۇ، پەقەت مەغلۇپ بولغۇچىلارلا بولىدۇ. شۇڭا باشقىلارنى ئاسراش ئۆزىنى ئاسرى-غانلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمار-لىرىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش سەۋەبلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى پاسسىپ ھالدا يۇقۇملىنىپ قالغان، ھەتتا بەزىلىرى تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ يۇقۇم-

لىنىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىمۇ بىر تاياقتا قوشۇپ ھەيدىسەك، ئۇلارغا ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمىز.

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى. ھەر بىر كىشى شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئەيدىز كېسەللىكى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك شەخسلەرنىڭ ناتوغرا قىلمىشى تۈپەيلىدىنلا پەيدا بولغان ئەمەس. مەيلى قايسى سەۋەبتىن يۇقۇملانغان بولسۇن، ئەيدىز كېسەللىكىمۇ بىر خىل كېسەللىك، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارغا ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا قارىتا باشقا كېسەللەرگە ئوخشاش جەمئىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بويىچە كۆيۈنۈشىمىز كېرەك. ئەيدىز بىمارلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش تۇغقانلىق مېھرى، رەھىمدىللىك ۋە ئەخلاق يۈزىسىدىنلا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز مەجبۇرىيىتىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار كەمسىتىلسە، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بېسىم سەۋەبىدىن تېخىمۇ يوشۇرۇنۇپ، ئۇلارغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتكە زىيان يېتىدۇ. ئايرىم ساندىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىمۇ بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ قېلىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئۆزىدىكى كېسەللىكنى باشقىلارغا يۇقتۇرۇش كويىغا چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق بولغاندا ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس بولىدۇ.

كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش داۋامىدا، بىر تەرەپتىن كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەت ۋە ئامما چۈشەنمەسلىك ۋە قورقۇش پسىخىكىسىدا تۇرغان شارائىتتا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى، مەسىلەن: ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى، يۇقۇملىنىش يولى قاتار- لىق مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلىشىمىز كېرەك، بۇ كەمسىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىر خىل ياخشى چارىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ توغرا يوللار ئارقىلىق شۇ جايدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن، شۇ جايدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەمئىيەتلىرىدىن ياردەم سوراشقا، ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدا ياردەم بېرىش قىزىق لىنىيىلىك تېلېفونى ئارقىلىق ياردەم سوراشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

### 3. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى بولسا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردۇر، ئۇلار جەمئىيەتتىكى باشقا ئەزالارنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ياخشى داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كېسەل ئازابىنى يېنىكلىتىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى

ئۆستۈرۈشتە بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بار. بىز يەنە ئۇلارغا ھېسسىيات ۋە پسىخىكا جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ كېسەلگە قارشى كۈرەش قىلىش غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، باتۇرلۇق بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، يېڭىۋاشتىن جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرىشىگە ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۇلارغا بولغان ھەر خىل بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى ۋە كەمسىتىشلەرنى تۈگىتىپ، ئازادە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يامرىشىغا ئەگىشىپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بىز يۇقۇش يوللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى دەرىجىگە ئايرىماسلىقىمىز، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنى ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەر بىلەن تېخىمۇ باغلىۋالماسلىقىمىز لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارغا ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش بولسا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەش ياكى تىزگىنلىيەلمەسلىككە، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى يېنىكلىتىش ياكى يېنىكلىتەلمەسلىككە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ياكى قوغدىيالماسلىققا، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسى-

ۋەتلىك زور ئىش.

بىز چوقۇم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارغا ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىشىمىز لازىم. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەيدىز ۋىرۇسى، ئەمما ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئۆزد- مىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئورتاق ھالدا ئەيدىز كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم.

# ئىككىنچى باب زەھەرلىك چېكىملىك ۋە زەھەرنى چەكلەش

ھازىرقى دۇنيادا زەھەر مەسىلىسى ئەيدىز كېسەللىكى ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئاپەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقى ۋە تەرەققىياتىنى چىرمىۋالماقتا ھەم ئۇنىڭغا تەھدىت سالماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارادىكى زەھەر دولقۇنىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى زەھەرگە چېتىلىدىغان ئامىللارنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزدە زەھەر مەسىلىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ يامراپ، زەھەر چەككۈچىلەر داۋاملىق كۆپىيىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراپلا قالماي، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتمۇ ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزدىن يىراقلاپ كەتكىنىگە نەچچە ئون يىل بولغان زەھەر يەنە ئاستا ـ ئاستا ئەتراپىمىزدا پەيدا بولۇپ، دۆلىتىمىزنى ھەم زەھەرنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش، ھەم زەھەر ئىستېمال قىلىش تەڭ مەۋجۇت بولغان بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى، زەھەر مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا تەھدىت سال-

دىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ماس تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئامان ـ ئېسەن بولۇشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر خىزمەت. شۇڭا، زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمۇ- يۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، زەھەرنىڭ مەنبەسىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، زەھەرنىڭ زىيىنىنى قەتئىي تازىلاپ، يېڭىدىن زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى قەتئىي توسۇش بولسا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىدۇر.

زەھەرنى مەنئى قىلىش ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيە- تىدۇر. يېڭى دەۋردىكى زەھەرنى مەنئى قىلىش كۈرىشى داۋامىدا ھەربىر ئادەم «دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاك بولۇشىدا ھەممىزنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېگەن روھ بىلەن بۇ بىر مەيدان زەھەرنى مەنئى قىلىش خەلق ئۇرۇشىغا پائال قاتنىشىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە زەھەرگە قارشى تۇرۇش، زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە لىنىيىسىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ، پۈتۈن خەلق زەھەرنى مەنئى قىلىشتەك پايدىلىق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، زەھەرنى مەنئى قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

## 1 § . زەھەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

**1. زەھەر مەسىلىسى يەر شارى خاراكتېرلىك ئاپەت بولۇپ قالدى.**

زەھەرنىڭ ئىنسانلارغا زىيان سېلىۋاتقىنىغا 300 يىلدىن ئاشتى. بىراق يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، زەھەر خۇددى جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش تېز يامراپ، زەھەرنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىشى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىجتىمائىي ئاپەت بولۇپ قالدى. زەھەر مەسىلىسى ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىپ بىر تۈرلۈك سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىگە تەھدىت سالماقتا، ھەم ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە غايەت زور خىرىس ئېلىپ كەلمەكتە.

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادا قانۇنسىز ئىشلىنىدىغان ئەپيۇن 5000 توننىدىن ئاشىدۇ. ئىشلەپچىقىرىلىدىغان زەھەر ھەم خېروئىن، كوكائىن، نەشە قاتارلىق ئەنئەنىۋى زەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم شىددەت بىلەن يۇقىرى كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ قاتارلىق يېڭى تىپتىكى زەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى 130 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندا زەھەرنى ئىستېمال قىلىش مەسىلىسى، 170 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندا زەھەر يۆتكەپ سېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت. پۈتۈن دۇنيانىڭ يىللىق زەھەر سودا سوممىسى 800 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ، قورال - ياراغ سودىسى ۋە نېفىت

سودىسىغا يېقىنلا تۇرىدۇ.

كىشىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى شۇكى، پۈتۈن دۇنيادىكى زەھەر چەككۈچىلەر يىلىغا 5% ~ 3% لىك سۈرئەت بىلەن كۆپىيىپ بارماقتا. 2005 – يىلىدىكى ئىگىلەنگەن سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پۈتۈن دۇنيادا جەمئىي 185 مىليون ئادەم زەھەر چېكىدىغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 3% نى، پۈتۈن دۇنيادىكى 15 ~ 64 ياشقىچە بولغان ئاھالىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 7.4 % نى ئىگىلەيدۇ. زەھەر چەككۈچىلەر ئىچىدە نەشە چېكىدىغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 150 مىليون كىشىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا روھلاندۇرغۇچى دورىلار تىپىدىكى زەھەرنى چېكىدىغانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 30 مىليون كىشى ئامفېتامىن تۈرىدىكى زەھەرنى چېكىدۇ، سەككىز مىليوندىن ئارتۇق ئادەم گىلدىڭلاتقۇ تۈرىدىكى زەھەرنى چېكىدۇ. كوكائىن چېكىدىغان ئادەملەر تەخمىنەن 13 مىليوندىن كۆپرەك-كە، ئەپيۇن تۈرىدىكى زەھەرنى(خېروئىن، مورفىن، ئەپيۇن ۋە باشقا سۈنئىي بىرىكتۈرۈلگەن ئەپيۇن تۈرىدىكى زەھەرنى) چېكىدىغان ئادەملەر 15 مىليوندىن كۆپرەككە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خېروئىن چېكىدىغان ئادەملەر توققۇز مىليوندىن ئاشىدۇ.

پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەم زەھەر چەككەنلىكتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، 10 مىليون ئادەم زەھەر چەككەنلىكتىن نورمال ئەمگەك ئىقتىداردىن قالىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەر ساندىن قارىغاندا زەھەر چەككەنلىكتىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلار سانى يۈرەك كېسەللىكى ۋە ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلار ساندىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا زەھەر «ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئۈچىنچى قاتىل» دەپ

ئاتالغان.

زەھەر ئادەمنىڭ ئورگانىزمىنى تۈگەشتۈرۈپلا قالماي، روھىنىمۇ كېرەكتىن چىقىرىپ، ئادەمنى ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەدەپ ئەخلاقتىن ئايرىتىدۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ. بولۇپمۇ زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىككە قاراپ يۈزلىنىشى كىشىنى ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قاتتىق غەم ئەندىشىگە سالىدۇ.

**2. دۆلىتىمىز كەسكىن زەھەر ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلمەكتە**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئېلىمىزدە زەھەر مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر بىر مەسىلە ئىدى. 1949 – يىلى ئېلىمىزدە خېروئىن، ئەپيۇن، مورفىن چېكىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى 20 مىليون بولۇپ، ئەپيۇنگۈل تېرىش كۆلىمى 15 مىليون موغا يەتكەن. 300 مىڭ ئادەم زەھەر ئېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كونا جۇڭگو قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا زەھەر تازىلاش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، بىر قاتار كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زەھەر ياسىغان ۋە زەھەر ئېلىپ ساتقان 80 مىڭدىن ئارتۇق جىنايەتچى قولغا ئېلىندى. زەھەر چەككۈچىلەر مەجبۇرىي زەھەر تاشلاتقۇزۇلۇپ، زەھەر ئۆسۈملۈكى ئۈزۈل – كېسىل يوقىتىلدى. ئۈچ يىل ئىچىدە زەھەر ئۈزۈل – كېسىل يوقىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك

ماختىنىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىللە، دۆلىتىمىز زەھەرسىز دۆلەت دېگەن شان شەرەپكە سازاۋەر بولدى.

بىراق 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارادا يامرىغان زەھەر دولقۇنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، زەھەر مەسىلىسى ئېلىمىزدە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە داۋاملىق يامراپ تەرەققىي قىلىپ ھەم ئۇلغىيىپ، ئىنتايىن كەسكىن زەھەر ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال ئايرىم ئايرىم ھالدا «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ۋە «ئالتۇن ھىلال ئاي»دىن ئىبارەت زەھەر مەنبەسىنىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلدى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدە ئىشلەنگەن يېڭى تىپتىكى زەھەرلەرمۇ دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىدىكى رايونلىرى ئارقىلىق ئۇزۇلمەي ئىچكىرى جايلارغا سىڭىپ كىردى. ئەپيۇن، خېروئىن قاتارلىق ئەنئەنىۋى زەھەرلەرنىڭ تەسىرى تېخى تولۇق تۈگىتىلمىگەن ئەھۋالدا، مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ، كېتامىن قاتارلىق يېڭى تىپتىكى زەھەرلەر شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى، چېگرا ئىچى – سىرتىدىكى زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلار بولسا، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى زەھەر ياساش ھەرىكىتىنى بارغانسېرى كۆلەملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇردى. دۆلەت ئىچىدىكى زەھەر ئىستېمال بازىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، زەھەر چېكىدىغانلار ئۇزلۇكسىز كۆپەيدى، زەھەر ئۆسۈملۈكىنى قانۇنسىز تېرىش شامىلى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرى ۋە ئاسان زەھەر ياسىغىلى بولىدىغان خىمىيىلىك مەھسۇلاتلارنىڭ قانۇنسىز ئېقىپ كىرىش يوللىرىنى توسۇش تولىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى.

بۇنىڭدا ئاساسلىق كۆرۈلگەن ئىپادىلەر بولسا:

1) چېگرا سىرتىدىكى زەھەرنىڭ دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىشى ئۈزلۈكسىز جىددىيلەشتى.

2005 – يىلى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» رايونىدىكى تېرىلغان ئەپيۇنگۈلنىڭ كۆلىمى 703 مىڭ مودىن كۆپرەك بولۇپ، ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 400 توننا بولغان. شۇنىڭ بىلەن زور مىقداردىكى خېروئىن بىرما چېگرىسىدىكى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تىن يۇننەننىڭ چېگرا رايونىغا ئەتكەس قىلىپ ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتكە تارالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تە ئىشلەنگەن مۇزسىمان زەھەرلەرمۇ ئۈزۈلمەي دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىپ، كەينى ـ كەينىدىن چېگرا ئارقىلىق ئىچكىرى جايلارغا ئەتكەس قىلىنغان. زەھەر ئېلىپ ساتىدىغان بەزى ئۇنسۇرلار يۇننەن ئۆلكىسى زەھەرنى تەكشۈرۈپ تۇسۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىن كېيىن، نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان رايوندىن چەتلەپ ئۆتۈپ، ھىندىستان، نېپال قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇقلۇق يولىدىن ئۆتۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ، ئاندىن ئىچكىرىدىكى زەھەر ئىستېمال بازارلىرىغا تارقىغان.

«يېڭى ھىلال ئاي» رايونى زەھەرنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى بولغان ئافغانىستانغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زەھەر مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى ئىشلەپچىقىرىلغان زەھەر دۇنيا بويىچە ئەپيۇن تۇرىدىكى زەھەر تەمىنلەش مىقدارىنىڭ 85% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ 90% ىدىن كۆپرەكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، ئىران،

تۈركىيە ئارقىلىق رۇسىيە ۋە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئېقىپ كىرىدۇ. ئافغانىستاننىڭ 2004 – يىلىلىق ئەپيۇنگۈل تېرىش كۆلىمىگە ئاساسلانغاندا، تېرىلغان ئەپيۇنگۈل كۆلىمى بىر مىليون 965 مىڭ موغا يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان ئەپيۇن مىقدارى 4200 توننا بولغان ۋە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېقىنلاشقان. شۇنداق بولغاچقا «يېڭى ھىلال ئاي» رايونىدىن زور مىقداردىكى زەھەر شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە كىرىۋاتىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن غايەت زور يوشۇرۇن تەھدىتنى شەكىللەندۈردى.

2) دۆلەت ئىچىدە زەھەر ئېلىپ سېتىش ۋە زەھەر توشۇش ھەرىكەتلىرى كۈنسېرى غالجىرلاشتى.

دۆلەت ئىچىدىكى زەھەر جىنايى ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى جەمەتلىشىش، كەسىپلىشىش، زامانىۋىلىشىش، ئىقتىدارلىشىش، قوراللىنىشتا قاراپ تەرەققىي قىلدى. زەھەر ئېلىپ سېتىش شايكىلىرى ئۆرغۈنلىغان قانۇن ئېڭى تۆۋەن دېھقانلارنى قايمۇقتۇرۇپ يالالاپ، زەھەر سېتىشقا سالغان، ھەتتا ھامىلىدار ئاياللار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە ئۆسمۈر بالىلارنىمۇ دېلو سادىر قىلىشقا يالالاپ ئىشلەتكەن. چېگرا سىرتىدىن كىرگەن زور بىر قىسىم زەھەر ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن كرىستال زەھەرلەر پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان ياكى چېگرا سىرتىغا ئەتكەس قىلىنغان.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆلكىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى قاپلىغان زەھەرنى توپ تارقىتىش تورلىرى شەكىللەنگەن. زەھەر ئېلىپ سېتىش شايكىلىرى زەھەرنى ئادەم بەدىنىگە ۋە سومكا، چامادانلارنىڭ ئىچىگە

يوشۇرۇش، پوچتا يوللانمىسىغا سېلىپ ئەۋەتىش، تۆمۈريولدا توشۇلىدىغان يۈك ـ تاقلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زەھەر ئىستېمال بازارلىرىغا ئېلىپ كىرگەن.

زەربىگە ئۇچراپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، زەھەر ئەتكەسچىلىرى دائىم دېگۈدەك قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى بىلەن ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشىلاشقان، نەتىجىدە قورال بىلەن زەھەر گىرەلىشىپ كەتكەن جىنايەت بارغانسېرى ئەدەپ، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش خىزمىتى تېخىمۇ كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كەلگەن.

زەھەر ئەتكەسچىلىرى يەنە پوچتىخانىنىڭ تېز يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنىڭ قولاي، ئەرزان، تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن تېخىمۇ پايدىلىنىپ، زەھەرنى پوچتا پوسۇلكىلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئەۋەتكەن.

3) سىرتلارغا چىقىپ زەھەر ئېلىپ سېتىش ھەرىكىتى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىكى بىر قىسىم دېھقانلار پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، توپلىشىپ شېرىكلىشىپ، يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا، ھەتتا «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تىكى زەھەر مەنبەسىگە ئېقىپ بېرىپ، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش ۋە زەھەر توشۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئىچكىرى جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ زەھەر ئېلىپ سېتىش تورلىرىنى قۇرغان. ئۇلار زەھەر ئېلىپ سېتىپ تاپقان پۇللىرىنى يۇرتىغا ئاپىرىپ، زاۋۇت قۇرۇش ۋە ئۆي ـ مۈلۈك سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىپ، غايەت

زور ئەكس تەسىر بەرگەن، نەتىجىدە بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ سىرتقا چىقىپ زەھەر ئېلىپ سېتىش ۋە جىنايەت يولىغا مېڭىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

سىرتقا چىقىپ زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر ناھىيىلىك، بىر يېزىلىق، بىر كەنتلىك كىشىلەر بولۇپ، تىل ئۇقۇشۇشچانلىقى، تونۇشقانلىقى، يەنە بەزىلىرى بىر جەمەتنىڭ ئادەملىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قانداشلىق شەكلى ياكى يۇرتداشلىق شەكلىدە شايكىلىشىپ، زەھەر ئېلىپ ساتقان. شايكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەت مۇستەھكەم، تەشكىللىنىشى پۇختا، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولۇپ، يۇرتداشلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى داۋاملىق «شايكىغا قوبۇل قىلىش» بىلەن، زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، شايكىنىڭ كۆلىمى ئۇزلۇكسىز كېڭەيگەن.

4) دۆلەت ئىچىدە مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ قاتارلىقلارنى ياساش ۋە ئېلىپ سېتىش جىنايى ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدا مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ قاتارلىق زەھەرلەرگە بولغان ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ داۋاملىق ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچىدىمۇ مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ ياساش، ئېلىپ سېتىش ھەرىكىتى تېز راۋاجلىنىپ، مەملىكەت بويىچە 20 دىن ئارتۇق ئۆلكە، رايون ۋە شەھەردە بۇ خىلدىكى جىنايى ھەرىكەت بايقالغان.

قانۇنسىز ئۇنسۇرلار كۇندىلىك خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ۋە دورا بۇيۇملىرىنى ئىشلەشنى باھانە قىلىپ، شەھەر - يېزا تۇتاشقان جايلاردا ۋە ئىجارىگە ئالغان ئۆيلەردە زاۋۇت قۇرۇپ،

زەھەر ئىشلىگەن، ئۇلار كەڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە زىيان سالدى. دىغان مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ قاتارلىقلارنى ئىشلەپلا قالماي، زەھەر ئىشلەپچىقىرىشتىن پەيدا بولغان زور مىقداردىكى زەھەرلىك ماددىلارنى مۇھىتقا قويۇپ بېرىپ، شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان.

هارام پۇلنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن، بەزى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان دۆلەت ئىچىدىكى خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى، دورا زاۋۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىمۇ زەھەر ياساش جىنايى ھەرىكىتىگە قاتناشقان.

دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن مۇزسىمان زەھەر نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئەتكەس قىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە ئېغىر ھالدا زىيان سالغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ناركوز دورىلىرىنى تىزگىنلەش ئىدارىسىنىڭ 1999 ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىللىق دوكلاتىدا دۆلىتىمىز مۇزسىمان زەھەر ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار دۆلىتىمىزنىڭ خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ زور بولۇشىدەك قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خېروئىن، مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ ئىشلىنىدىغان سۇلفات كىسلاتاسى، ھىدروخلورىد، ئېفېدرىن، كالىي پېرمانگانات قاتارلىق خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى ۋە سەپلىمە دورىلارنى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»كە ۋە ياۋروپا قىتئەسى، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرىگە ئەتكەس قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنى تۆككەن.

5) دۆلەت ئىچىدىكى زەھەر ئىستېمال بازىرىنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدە زەھەرنىڭ يامراپ كېتىش مەسىلىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، تېزىمغا چۈشكەن زەھەر چەككۈچىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، زەھەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان جايلار داۋاملىق كېڭىيىپ، زەھەر ئىستېمال بازىرىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن.2004 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تېزىمغا چۈشكەن زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ سانى بىر مىليون 144 مىڭ كىشىگە يەتكەن. زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىشىش يۈزلىنىشى ئېلىمىزدە ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، ئايرىم رايونلاردا زەھەر چەككۈچىلەر ئىچىدىكى 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 95 تىن ئېشىپ كەتكەن.

20 – ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا زەھەر مەسىلىسى دۆلىتىمىزدە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققاندا ئەپيۇن ئاساسلىق زەھەر ھېسابلىناتتى، كېيىنكى ئون يىلدا بولسا ئەپيۇن بارغانسېرى ئازىيىپ، خېروئىن ناھايىتى تېزلا ئاساسلىق زەھەر بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئەپيۇن، خېروئىن، مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ ۋە باشقا كۆپ خىل زەھەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قالايمىقان ئىشلىتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى رايونلاردا دۆلەت تىزگىنلەيدىغان باشقا ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئەھۋالى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى تېرازولىن، دىڭبىڭنوفىي، دىئازېپام، ئانالگىن، كوفېئىن قاتارلىقلارغا چېتىلغان.

6) زەھەرنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن

ئېغىر بولدى.

زەھەرنىڭ يامراپ كېتىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، بەزى رايونلاردا بولسا، ئۇ جەمئىيەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدىغان توسالغۇ بولۇپ قالغان. زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك ئەمگەك ئىقتىداردىن قېلىپ، جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىپ بېرەلمىگەن، زەھەر جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن بايلىقىنى يۇتۇپ كەتكەن.

زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ئەمگەك ئىقتىداردىن قالغاندىن كېيىنكى جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلەش تېخىمۇ تەس بولۇپ، زەھەرنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئەيدىز قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىپ، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئېغىر زىيان سالغان، ئۇلارنىڭ تېنى ئومۇميۈزلۈك ئاجىزلىشىپ، كېسەل چىرمىۋالغان، ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن، ھەتتا بەزىلىرى زەھەرنى ھەددىدىن ئارتۇق چەككەن ياكى ئۇزاققىچە چەككەنلىكتىن، سالامەتلىكى يامانلىشىپ جېنىدىن ئايرىلغان.

### 3. دۆلىتىمىز زەھەرنى مەنئى قىلىش كۈرىشىدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى

1) قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشنىڭ يۇقىرى بېسىملىق ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، زەھەر جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

1998 – يىلىدىن 2004 – يىلىغىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىـ

چە زەھەر جىنايىتى دېلوسىدىن 640 مىڭ پارچىدىن كۆپرەكىنى پاش قىلىپ، زەھەر جىنايەتچىلىرىدىن 310 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، 61 توننا خېروئىن، 55 توننا مۇزسىمان زەھەر، 15 توننا ئەپيۇن، زەھەر ياسىغىلى بولىدىغان 1572 توننا خىمىيىلىك ماددىنى يىغىۋالدى.

2) زەھەرنى مەنئى قىلىش تەشۋىق ـ تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ زەھەر مەنئى قىلىش ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇلدى.

«دۇنيادىكى ئاپەت ــ يېڭى تىپتىكى زەھەر» دېگەن كىنو ئىشلەندى. 120 مىڭ يۈرۈش ئاسما رەسىم نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. 100 مىڭ پارچە سوئال ـ جاۋاب تارقىتىلدى.

3) «زەھەرسىز مەھەللە»، «زەھەرسىز كەنت» بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، زەھەر چېكىشنى مەنئى قىلىش، زەھەر تاشلاتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

1998 – يىلىدىن 2004 ـ يىلىغىچە مەملىكەت بويىچە ئىككى مىليون 10 مىڭ ئادەم قېتىم مەجبۇرىي زەھەر تاشلاتقۇزۇلدى، 480 مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەپ زەھەر تاشلاتقۇزۇلدى.

4) خەلقئارا زەھەرنى مەنئى قىلىش ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ، خەلقئارالىق زەھەرنى مەنئى قىلىش ھەمكارلىق مېخانىزمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

ئېلىمىز نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە كۆپ قېتىملىق زەھەر ئەتكەسچىلىك دېلولىرىنى پاش قىلدى.

5) قاتتىق جەڭ قىلالايدىغان مەخسۇس زەھەرنى مەنئى قىلىش كەسپىي قوشۇنى بەرپا قىلىنىپ، زەھەرنى مەنئى قىلىش قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## § 2 . دائىم ئۇچرايدىغان بىر قانچە خىل زەھەر

تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقىلىشىچە، زەھەر چېكىشنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، زەھەرگە دائىر بىلىملەرنى بىلمەسلىك ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بىرى ئىكەن. شۇڭا زەھەردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن زەھەرگە دائىر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش كېرەك.

1. زەھەر دېگەن نېمە؟

دۆلىتىمىز «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 357 – ماددىسىدا زەھەر ئەپيۇن، خېروئىن، كرىستال زەھەر ، مورفىن، نەشە، كوكائىن ھەم دۆلەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان، ئادەمنى خۇمار قىلالايدىغان باشقا ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى كۆرسىتىدۇ دېيىلگەن. تۇرمۇشتا كىشىلەر ئەپيۇن، خېروئىن، مورفىن، نەشە، كوكائىن قاتارلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە، رومانلاردا سۆزلىنىدىغان زەھەرنى ئاسان چۈشىنىدۇ، لېكىن دۆلەت تىزگىنلەيدىغان ئادەمنى خۇمار قىلالايدىغان باشقا ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى كۆپ ھاللاردا كىشىلەر زەھەر دەپ قارىمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا گىلدىڭلات-

قۇنى زەھەر ئەمەس، گىلدىڭلاتقۇنى يېسە ھېچقانداق زىيىنى يوق دېگەندەك خاتا قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ.

قانۇن ئۇقتىسىدىن قارىغاندا زەھەرنىڭ ئاساسلىق ئۈچ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) بېقىندۇرۇشچانلىقى

ئۇ فىزىئولوگىيىلىك بېقىنىۋېلىش ۋە پسىخىكا جەھەتتىن بېقىنىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك يۆلىنىۋېلىش بولسا بىر مەزگىل مەلۇم بىر خىل دورىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئىشلىتىشتىن بولىدىغان فىزىئولو-گىيىلىك ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر خىل دەۋر خاراكتېر-لىك ياكى ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىش ھالىتىدە ئىپادىلى-نىدۇ. ئەگەر بۇ دورىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ، ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتىنى ساقلاپ قالمىغاندا، ئورگا-نىزمنىڭ ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىپ، زىيانغا ئۇچراشتەك بىر قاتار روشەن ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىدۇ.

پسىخىكىلىق بېقىنىۋېلىش مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى ھەرىكەتلەندۇرۇش كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ: بىرسى دورا ئىشلەت-كۈچى بۇ خىل ئۇنۇم ياكى تۇيغۇنى داۋاملىق قوغلىشىدۇ. يەنە بىرسى بولسا دورا ئىشلەتكۈچى دورىنى توختاتقاندا پەيدا بولغان جىددىيلىشىش، بىئارام بولۇش قاتارلىق روھىي ئىنكاسنىڭ ئازابلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق دورا ئىشلىتىشكە ئىنتىلىدۇ.

2) قانۇنسىزلىقى

خۇمار پەيدا قىلىدىغان ھەرقانداق ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرى ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن ئاكتىپ ۋە

پاسسىپ ئىككى تەرەپلىمە رول ئوينايدۇ، ھەم داۋالاش رولى بولىدۇ، ھەم زەھەرلەش رولى بولىدۇ. قانۇنسىز يول بىلەن ئىشلىتىلگەنلىرى زەھەر دەپ ئاتىلىدۇ.

3) زىيانلىقلىقى

زەھەر يامراپ كەتسە، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكىمۇ ئىنتايىن زور زىيان يەتكۈزىدۇ.

**2. زەھەر چېكىش ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى**

زەھەر چېكىش يەنە «دورىنى قالايمىقان ئىشلىتىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنى داۋالىنىشتىن باشقا مەقسەتتە ئۇكۇل قىلىپ ئۇرۇش، ئىچىش، بۇرۇندىن شوراش ئۇسۇلى ياكى ئۇسۇللار ئارقىلىق زەھەرنى ئادەم بەدىنىگە كىرگۈزۈش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

دائىم ئۇچرايدىغان زەھەر چېكىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

1) ئوت يېقىپ چېكىش

بۇ زەھەرنى تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى قەغەزگە يۆگەپ ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن تاماكا چەككەندەك ئىسىنى ئىچىگە شوراپ چېكىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل باشقىلارنى ئالداپ ياكى قەستلەپ زەھەر چەكتۈرۈشتە دائىم قوللىنىلىدۇ.

2) قىزىتىپ چېكىش

بۇنىڭدا زەھەرنى قەلەي قەغەز ياكى مېتال قوشۇقا سېلىپ، ئاستى تەرەپتىن ئوتقا قاقلاپ قىزىتىپ ئىسقا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن نەيچە بىلەن شوراش ياكى ئېغىز - بۇرۇن ئارقىلىق

بۇاستە سۇمۇرۇشنى كۆرستىدۇ. بۇ ئۇسۇل خېروئىن چېكىشتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلدۇر.

3) بۇرۇن بىلەن پۇراش

بۇ بۇرۇندىن سۇمۇرۇشمۇ دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىنچىكە نەيچىنى بۇرۇنغا ئۇدۇللاپ سۇمۇرۇش ئارقىلىق تالقانسىمان زەھەر بۇرۇندىن بەدەننىڭ ئىچكى ئورگانىزمىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

4) ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىش

بۇ زەھەرنى ئېغىزغا سېلىپ يۇتۇشقا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇل كۆمىلاچ دورا ياكى تابلېتكا دورا شەكلىدىكى زەھەرنى ئىشلىتىشتە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا گىلدىڭلاتقۇ، كېتامىن قاتارلىق زەھەرلەرنى ئىستېمال قىلغۇچىلار دائىم مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ.

5) ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش

سانجىپ ئىستېمال قىلىش ياكى ئوكۇل قىلىپ ئىستېمال قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا زەھەر ئېرىتىلگەندىن كېيىن ئوكۇل يىڭنىسى ئارقىلىق تېرە ئاستى بۇلجۇڭ گۆش ياكى قان تومۇرىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل زەھەر چەككۈچىگە ئەڭ ئېغىر زىيان سالىدىغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، زەھەر خۇمارىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، باشقا ئۇسۇللاردىن ھوزۇر ئالالمىغاندا بۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل زەھەر چەككۈچىلەرنى ئاسانلا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ ۋە ئەيدىز قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ.

### 3. زەھەرنىڭ تۈرلىرى

زەھەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ

بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

زەھەرنى ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىگە قاراپ تەبىئىي زەھەر، يېرىم بىرىكتۈرۈلگەن زەھەر ۋە بىرىكتۈرۈلگەن زەھەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. تەبىئىي زەھەر زەھەر ئۆسۈملۈكىدىن بىۋاستە ئايرىۋېلىنىدۇ، مەسىلەن: ئەپيۇن تەبىئىي زەھەرگە كىرىدۇ. يېرىم بىرىكتۈرگۈچى زەھەر بولسا تەبىئىي زەھەر بىلەن خىمىيىلىك ماددىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ، مەسىلەن: خېروئىن دەل مۇشۇنداق زەھەرگە كىرىدۇ. بىرىكتۈرۈلگەن زەھەر بولسا پۈتۈنلەي ئورگانىك بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان بولىدۇ، مەسىلەن: مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ، دولانتىن قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

زەھەرنى ئۇنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان رولىغا قاراپ تورمۇزلاش دورىسى، روھلاندۇرۇش دورىسى، خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىش دورىسى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. تورمۇزلاش دورىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاپ، تىنچلاندۇرۇش ۋە ئارام بېرىش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئەپيۇن تۈرىدىكى زەھەر، ئۇخلىتىش دورىسى، تىنچلاندۇرۇش دورىسى، روھلاندۇرۇش دورىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل دورىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ. روھلاندۇرۇش دورىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان دورا بولۇپ، ئاساسلىقى مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ، كوكائىن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان دورىلار مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە كەيپىيات جەھەتتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئادەمنى بىھۇدە خىياللارغا بېرىلدۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى

خاتا يولغا باشلايدىغان، تەپەككۇرنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

زەھەرنى ئۇنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ناركوز دورىلىرىنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى مەست قىلىش رولى بار بولۇپ، داۋاملىق ئىشلىتىلسە ئاسانلا يۈلىنىۋېلىش ۋە خۇمار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ دورىلار ئەپيۇن تۈرىدىكى دورا، نەشە تۈرىدىكى دورا، كوكائىن تۈرىدىكى دورا ۋە بىرىكتۈرۈلگەن ناركوز دورىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. روھىي كېسەل دورىلىرى بولسا مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ ياكى تورمۇزلايدۇ. بۇ دورىلار خامۇشلۇققا قارشى دورا، ئامفېتامىن دورىلىرى، گىپنوز دورىلىرى ۋە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلغۇچى دورا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 4. ئېلىمىزدە هازىر بار زەهەرلەر

1) ئەپيۇن

ئۇ ئەپيۇنگۈل ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇيۇغان شىرنىسى بولۇپ، دورىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يۆتەل توختىتىش ۋە تىنچلاندۇرۇش رولى بار.

ئەپيۇن مۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ: يېڭى خام ئەپيۇن مەلھەم شەكلىدە بولىدۇ. رەڭگى قوڭۇر ياكى تۇتۇق قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ، ئېلاستىكلىق بولىدۇ، پۇرىقى ئاممىياك ياكى ئۇزاق بولغان سۈيدۈكنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ، بىر خىل ئاچچىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن ساقلانغان خام ئەپيۇننىڭ نەملىكى تۈگەپ قۇرۇپ

كەتكەنلىكتىن، قارا قوڭۇر رەڭگە كىرىپ، قاتتىق بولۇپ قالىدۇ. شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ، ئادەتتە توپ شەكلىدە، قوتۇرماچ شەكلىدە، خىش شەكلىدە تەييارلاپ توشۇلىدۇ ياكى سېتىلىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن پىششىق ئەپيۇن توق سېرىق رەڭلىك ياكى قوڭۇر رەڭلىك كاللەك ھالەتتە بولۇپ، قولغا سىلىق ۋە يۇمشاق ئۇرۇنىدۇ، پۇرىقى خام ئەپيۇندىن سۇسراق بولىدۇ.

2) مورفىن

مورفىن ئەپيۇندىن ئايرىۋېلىنغان بىر خىل بىئولوگىيىلىك ئىشقار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەپيۇندىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى 10% ئەتراپىدا بولىدۇ. خېروئىن، دولانتىن، مېتادون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مورفىننىڭ قايتا ئىشلەنگەن ماددىسى ھېسابلىنىدۇ.

مورفىن رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك كرىستال تالقانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغرىقنى توختىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، يۆتەل توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق رولى بار، ئۇنى چەككەندىن كېيىن ياكى ئوكۇل قىلىپ سالغاندىن كېيىن ئادەمدە بىر خىل شادلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، ئۇ ئەپيۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان خۇمار قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مورفىن ئاساسلىقى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاش رولىنى ئوينايدۇ.

مورفىن مۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ: مورفىننىڭ بىر خىل ئالاھىدە پۇرىقى بولۇپ، شەكلى ئۇششاق قەھۋە دانچىسىغا ئوخشايدۇ، ساپ مورفىن رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك كرىستال ياكى تالقانغا ئوخشاش بولۇپ، سۇدا ئاسان ئېرىمەيدۇ، ئاسان نەملى-شىدۇ، يىرىك ئىشلەنگەن مورفىننىڭ مورفىن نىسبىتى 70% تىن

90% كىچە بولىدۇ، شەكلى تالقانغا ئوخشايدۇ ياكى چاسا بولىدۇ، رەڭگى ئاق، ئاچ سېرىق ياكى قېنىق قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ. دورىغا ئىشلىتىلىدىغان مورفىن قانۇنلۇق ئىشلەنگەن مورفىن بولۇپ، پرېسلاپ ئۇششاق تابلېتكا شەكلىدە ئىشلىنىدۇ، رەڭگى ئاچ سېرىق ياكى سېرىق رەڭلىك بولىدۇ.

3) خېروئىن

خېروئىن بولسا مورفىننىڭ خىمىيىلىك رول ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن بىر خىل قايتا ئىشلەنگەن ماددىسى بولۇپ، ئاغرىق توختىتىش رولى مورفىننىڭ 4 ~ 8 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. مېدىتسىنادا ئۇ ناركوز قىلىپ ئاغرىق توختىتىشتا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ خۇمار قىلىشى تېز، تاشلىماق تەس بولۇپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى 1 - نومۇرلۇق زەھەر قاتارىغا كىرگۈزدى. دۆلىتىمىزدىكى 70% تىن ئارتۇق زەھەر چەككۈچىلەر مۇشۇ زەھەرنى چېكىدۇ.

خېروئىننىڭ يۆلىنىۋېلىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، 2 ~3 قېتىم چەكسە، ھەتتا بىر قېتىم چېكىپ قويسىمۇ خۇمار قىلىدۇ. خېروئىننى ئۇزاق مۇددەت چەكسە، ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، يۈرەك، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق ئاساسلىق ئورگانىزملارنى كاردىن چىقىرىدۇ. ئۇنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىستېمال قىلغاندا، ئەيدىز قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تېخىمۇ ئاسان يۇقتۇرىدۇ

خېروئىن مۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ: ساپلىقى ئوخشاش بولمىغان خېروئىننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە كۈل رەڭ، ئاق رەڭلىك تالقان شەكلىدە يالى پرېسلاپ

چاسا شەكىلدە ئىشلىگەن خېروئىنلارنىڭ ئازراق ئاچچىق سۇ تەمى بولىدۇ.

4) دولانتىن

دولانتىننىڭ مېدىتسىنادىكى قوللىنىلىشى بولسا بىر خىل بىرىكتۈرۈلگەن ئاغرىق توختىتىش دورىسى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندە ئېغىر دەرىجىدە يۆلىنىۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئۇ قاتتىق تىزگىنلىنىدىغان ناركوز دورىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. دولانتىن ئاق رەڭلىك كرىستال تالقان بولۇپ، تەمى بىرئاز چۈچۈمەل، پۇراقسىز كېلىدۇ.

5) ھىدرو خلورىد دىھىدرو ئانالگىن

ھىدرو خلورىد دىھىدرو ئانالگىن بولسا بىر خىل يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەست قىلىش خاراكتېرلىك ئاغرىق توختىتىش دورىسى بولۇپ، ئاساسەن راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئاغرىقنى پەسەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. تابلېتكا ۋە ئوكۇلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، خىمىيىلىك بىرىكتۈرۈلگەن، ئەپيۇن قوشۇلغان ھاياجانلاندۇرۇش دورىسىغا تەۋە. ئۇنى ئىشلەتكەندە ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە ئىشلىتىش قېتىم سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئۇ قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان ناركوز دورىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

6) مۇزسىمان زەھەر(مېتىلئامىن)

مۇزسىمان زەھەر بولسا ئېفېدرىننىڭ خىمىيىلىك قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ئامفېتامىن تۈرىدىكى قوزغاتقۇچى دورا بولۇپ، ئوكسىدسىزلاندۇرۇلغان ئېفېدرىن دەپمۇ

ئاتىلىدۇ. ئۇ 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاندىن سۈنئىي بىرىكتۈرۈپ ئىشلىنىشكە باشلىغان يېڭى تىپتىكى زەھەر. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ناۋاتقا ئوخشىغاچقا، مۇزسىمان زەھەر دەپ ئاتالغان. ئۇنى غاڭزىغا سېلىپ چېكىشكىمۇ بولىدۇ، مۇسكۇلغا ياكى تومۇرغا ئوكۇل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا قاتتىق قوزغىتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، كەينىدىنلا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ خۇمار قىلىشى ۋە زەھەرلىك ئەكس تەسىرى كوكائىن ۋە خېروئىندىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئادەمنى تىت - تىت قىلىپ، جىددىيلەشتۈرۈپ، خاتا تۇيغۇ، خىيالىي تۇيغۇ ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندەك تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىپ، زوراۋانلىق قىلمىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى چېكىنىش، نېرۋىسى قالايمىقانلىشىش، ئولتۇرسا قوپسا بىئارام بولۇش، تىترەش، غەزەپلىنىش، ئۇيقۇسىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا قورقۇپ ئالاقزادە بولۇش، بىھوشلىنىش، شامالدارىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ. مۇزسىمان زەھەرنىڭ باھاسى ئەرزان بولغاچقا، ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ تېزلىكتە يامراپ دۆلىتىمىزنىڭ زەھەر بازارلىرىدىكى ئىنتايىن خەتەرلىك يېڭى تىپتىكى زەھەرگە ئايلانماقتا.

مۇزسىمان زەھەر مۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ: قانۇنسىز ئىشلەنگەن مۇزسىمان زەھەر ھەممىشە ئېفېدرىن ئىشلىتىلىپ، ساختا ئېفېدرىن خام ماتېرىيال قىلىنىپ، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان بولغاچقا، ساپلىق دەرىجىسى ئەڭ

يۇقىرى بولغاندا 90% كە يېتىدۇ، ئۇ ئادەتتە ئاق رەڭلىك مۇزسىمان ھالەتتە بولىدۇ. ئەتكەس قىلىش ۋە ئېلىپ سېتىش جەريانىدا دائىم ئۇنىڭغا گلۇكوزا، لاكتوزا، قومۇش شېكىرى، ماگنىي سۇلفات، ناترىي گلۇتامات، كوفېئىن، ئېفېدرىن قاتار-لىقلار قوشۇلىدۇ.

7) گىلدىڭلاتقۇ

گىلدىڭلاتقۇ ساراڭلىق دورىسى، شادلىق كۆمىلچى، قاتتىق خۇشاللىنىش كۆمىلچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئامفېتامىن تۈرىدىكى قوزغىتىش دورىسىنىڭ قايتا ئىشلەنگەن ماددىسى بولۇپ، ئاسا-سىي تەركىبى دىمېتلىن ئىككى ئوكسىدلىق ئامفېتامىندىن تەركىب تاپىدۇ. گىلدىڭلاتقۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان بىر خىل يېڭى تىپتىكى سۈنئىي بىرىكمە زەھەر بولۇپ، ئادەتتە كۆپرەك كۆمىلاچ ياكى تابلېتكا قىلىپ ياسىلىدۇ. شەكلى كۆپ، رەڭگى خىلمۇ خىل بولغاچقا، جىنايەتچىلەر دائىم ئۇنى تانىسخانىلارغا ئويۇنغىلى كىرگەن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە قانۇنسىز ساتىدۇ. بۇ خىل دورا كۆمىلد-چىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ئادەمنى ھەددىدىن ئارتۇق روھلاندۇرۇپ، ھېسسىياتنى قوزغايدۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بېشى-نى چايقاپ تەلۋىلەرچە ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە گىلدىڭلاتقۇنىڭ يەنە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىش رولىمۇ بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچى خىيالىي تۇيغۇنىڭ رولى بىلەن ھەرىكىتىنى باشقۇرالمايدۇ، شۇڭا دائىم توپلىشىپ شەھۋانىي قىلىقلارنى قىلىش، ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈش، باشقىلار-نى زەخىملەندۈرۈشتەك قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئادەمنى ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكى ۋە جىددىي خاراكتېرلىك

يۇرەك كېسەللىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرگىمۇ ئېلىپ بارىدۇ.

گىلدىڭلاتقۇ مۇنداق پەرقلەندۇرۇلىدۇ: ئۇ كۆپىنچە تابلېتكا شەكلىدە بولۇپ، ئاق، ئاچ قىزىل، توق سېرىق ۋە كۆكۈچ رەڭلەردە بولىدۇ. بەزى تابلېتكىلارنىڭ ئۈستىگە سۇرەت ياكى خەتلەر چۈشۈرۈلىدۇ.

8) كېتامىن

كېتامىن K تالقىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ۋېنادىن ناركوز قىلىش دورىسى بولۇپ، مېدىتسىنادا كىچىك ئوپېراتسىيە، كىچىك باللارنى تەكشۈرۈش ۋە دىئاگنوز قويۇش مەشغۇلاتى قاتارلىقلاردا ناركوز قىلىپ يېتەكلەش ۋە قوشۇمچە ناركوز قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. كېتامىن دۆلەت تىزگىنلەيدىغان روھىي كېسەل دورىسى. ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بىھۇدە خىياللارغا بېرىلىپ، خاتا تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئۇنى دائىم مۇزسىمان زەھەر ۋە گىلدىڭلاتقۇلارغا قوشۇپ تانسىخانىلاردا زەھەر چەككۈچىلەرگە سېتىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قوزغىتىش ۋە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىش رولى بار.

كېتامىن مۇنداق پەرقلەندۇرۇلىدۇ: ئۇ ئاق رەڭلىك كرىستال تالقان بولۇپ، پۇراقسىز، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ.

9) نەشە

نەشە كەندىردىن ياسىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىكتۇر. نەشە يېلىم تەركىبى ئايرىۋېلىنمىغان كەندىر ئۆسۈملۈكىنىڭ چېچەكلەپ مېۋىلەيدىغان شاخ ئۇچلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. كەندىر يېلىمى كەندىر ئۆسۈملۈكىدىن ئايرىۋېلىنىدىغان يېپىشقاق ئاجراتما ماددىنى كۆرسىتىدۇ.

كەندىر ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، بىر خىل بولسا دۆلىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا دائىم تېرىلىدىغان ئۇجمە دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئادەتتە «چىگە كەندىر» دېيىلىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي زىرائەت تەۋەسىگە كىرىدۇ. ئاساسلىقى ئۇنىڭ غولىدىن سويۇۋېلىنغان تالالىرى بىلەن ئۇرۇقىدىن ماي ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئۇ زەھەر تەۋەسىگە كىرمەيدۇ. يەنە بىر خىلى زەھەر تىپىدىكى كەندىر بولۇپ، بىر ئاز پاكار ئۆسىدۇ، كۆپ شاخلايدۇ، ئۇنىڭ غولى، يوپۇرمىقى، چېچىكى، مېۋىسىدىن ئوخشىمىغان شەكىلدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق كەندىر سامىنى، كەندىر يېلىمى، كەندىر مېيىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ماددىنى ئاجرىتىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇ زەھەر ئىشلىنىدىغان كەندىر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ زەھەرلىك تەركىبى تېترا نەشە فېنولى بولۇپ، ئۇنى چەككەندىن كېيىن ئادەمدە شادلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە ئادەمنى خىيالىي تۇيغۇلارغا كەلتۈرۈپ، خام خىياللارغا سالىدۇ. نەشە بىر مەھەل ئامېرىكىلىق زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ۋە دېڭىز بويىدىكى قىسمەن چوڭ ئوتتۇرا شەھەرلەردە نەشە چېكىدىغانلار بايقالماقتا.

نەشىنى ئۇزاق مۇددەت چەككەندە ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. بىرىنچىدىن، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئاڭ سېزىمى ئېنىق بولماسلىق، تىت ـ تىت بولۇش، نارازى بولۇش، ئەسەبىيلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، قاتىللىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، تەپەككۇرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھەرىكەت

ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، مەسىلەن: بەدەن مۇسكۇللىرىنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە بەدەن تەڭپۇڭلۇق ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. تۆتىنچىدىن، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: بەدىنىدە يىرىڭلىق يارا پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇزۇن داۋالانسىمۇ ساقايمايدۇ.

نەشە مۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ: نەشە ئۆسۈملۈكى بولغان كەندىر بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەركەك ۋە چىشى دەپ ئايرىلىدۇ، غولىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن بەش مېتىرغىچە بولىدۇ، ئاساسىي غولىدا ئويۇقچىلار بولۇپ، سىرتقى قوۋزىقى يىرىك ھەم قوپال كېلىدۇ. رەڭگى يېشىل بولۇپ، تىك ئۆسىدۇ، غولى كاۋاك بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئالىقان شەكلىدە بولۇپ، ھەر بىر يوپۇرمىقى 5 ~ 11 گىچە ھەرە چىشى شەكلىدىكى كىچىك يوپۇرماقلاردىن تەركىب تاپىدۇ، تۈۋى تەرىپىدىكى يوپۇرماقلىرى يوغان، ئۇچى تەرىپىدىكى يوپۇرماقلىرى كىچىك بولىدۇ. گۈل چاڭلىرى سېرىق، يېشىل رەڭدە بولىدۇ. چىشىسىنىڭ مېۋىسى تۇخۇمنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، چوڭلۇقى بىر سانتىمېتىردىن ئىككى سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، كەندىر ئۇرۇقى دەپ ئاتىلىدۇ.

يىرىك ئىشلەنگەن نەشىدە كەندىر يوپۇرمىقى، كەندىر چېچىكى، كەندىر ياغىچى ۋە كەندىر ئۇرۇقلىرى بولىدۇ، دەرەخ يوپۇرمىقى ۋە چاي يوپۇرماقلىرىمۇ ئارىلىشىپ قالىدۇ، ئوت چۆپنىڭ پۇرىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقىدىن ئادەمنىڭ بەدىنى سەل ئۇيۇشقاندەك بولىدۇ. تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇلغان كەندىر يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى تاماكا يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنى نەق مەيداندا پەرقلەندۈرۈشتە بەش

ھەسسىلىك مىكروسكوپ بولمىسا پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. سىگارتقا ئارىلاشتۇرۇلغان كەندىر يوپۇرمىقىنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سۈپەتلىك ئىشلەنگەن نەشىدە ئۇششاق ئېزىلگەن يوپۇرماق بېغىشلىرى ۋە گۈل چېچىكى بولىدۇ، يېڭى ۋاقتىدا سۇس يېشىل رەڭدە بولۇپ، ئۇزۇن ساقلانغاندىن كېيىن قوڭۇر رەڭ ياكى بېغىر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

كەندىر يېلىمى سۇزۇش، پاتلاش، قاينىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يىغىپ ئايرىۋېلىنىپ، كۆپ ھاللاردا پرېسلاپ چاسا ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. مۇقىملاشتۇرۇپ شەكىلگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ قاتتىقلىقى ۋە شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئىسسىق سۇغا چىلاپ ئېرىتكەندە، قېنىق يېشىل رەڭلىك ئارىلاشما ئېرىتمە ھالىتىگە كېلىدۇ. پۇرىقى بىر قەدەر سېسىق بولۇپ، بەدەننى ئۇيۇشتۇرۇپ قويىدۇ. بەزى نەشە پارچىلىرىدا ئويۇق شەكىللىك رەسىم ياكى خەتلەر بولۇپ، بۇ ئادەتتە زەھەر ئىشلىگەن جاينىڭ ماركا بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

10) ئانالگىن

ئانالگىننىڭ يەنە بىر نامى ناترىي بېنزوئات كوفېئىن دېيىلىدۇ، ئۇ ناترىي بېنزوئات بىلەن كوفېئىننى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلەنگەن قوزغىتىش تىپىدىكى بىر خىل روھىي كېسەل دورىسى بولۇپ، مېدىتسىنادا مەركىزىي نېرۋىنى تورمۇزلاش ۋە ناركوز دورىلىرىدىن كېلىپ چىققان نەپەس قىيىنلىشىش ۋە ئايلىنىش زەئىپلىشىش كېسەللىكىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئانالگىن دۆلەت قاتتىق تىزگىنلەيدىغان روھىي كېسەل دورىسىغا كىرىدۇ.

11) ترىئازولىن

ترىئازولىن يەنە بىر ئاتاشتا ترىئازولىن خلوۋالىئۇم، ھېروئىن ئىككى تىپلىق مورفىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ نۆۋەتتە كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان يېڭى تىپتىكى فېنلىن ئازاتروپىلىدىن تۇرىدىكى دورا بولۇپ، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش، ئىچى تىتىلداشنى بېسىش ۋە مۇسكۇللارنى بوشىتىش رولىغا ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئۇنى كىشىلەرنى ناركوز قىلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئىشلەتمەكتە. بۇ دورا قالايمىقان ئىشلىتىلسە، ئادەمگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇڭا، دۆلەت بۇ دورىنىمۇ قاتتىق تىزگىنلەيدىغان روھىي كېسەل دورىسى قاتارىغا كىرگۈزگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان دائىم ئۇچرايدىغان بىر نەچچە خىل زەھەردىن باشقا، دۆلەت تىزگىنلەيدىغان ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىدىن يەنە كودئېن، ئانادول، چاڭتوگدىڭ، مېتادون، ئەپيۇنگۈل غوزىكى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىمۇ بەزى ئۇنسۇرلار قانۇنسىز يوللار بىلەن ئېلىپ ساتماقتا. ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا بەزى تېببىي خادىملار قانۇنسىز رېتسېپ يېزىش ئارقىلىق بۇ دورىلارنى ئېلىپ چىقىپ، زەھەر چەككۈچىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇردى. بەزى يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئەپيۇنگۈل غوزىكىنى يەل قازان شورپىسى ۋە قوي گۆشى شورپىسىغا ئوغرىلىقچە سېلىپ، ئۇنىڭ خۇمار قىلىش رولىدىن پايدىلىنىپ، خېرىدار جەلپ قىلىپ پۇل تاپتى. دېئازېپام، كوفېئىن قاتارلىق دورىلار زەھەرگە ياتىدىغان تىزگىنلىنىدىغان دورا بولۇپ، ئەگەر دوختۇر-

نىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي قالايمىقان ئىشلەتكەندە، ئادەمنىڭ جىسما-نىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلار بۇ دورىلارنى دائىم ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە سېتىپ بېرىۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلار بۇنىڭدىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇشى لازىم.

## 3 § . زەھەر چېكىشنىڭ سەۋەبلىرى

**1. زەھەر چېكىشنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبلىرى**

زەھەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماي دېسىڭىز ئەڭ ياخشى-سى بىرىنچى قېتىمنى مەڭگۇ چېكىپ سالماڭ. ئۇنداقتا زەھەر چېكىشنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبلىرى قايسى؟ بىز بۇنى بىلىۋالساق، ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، زەھەرگە ئۆمۈر بويى يېقىنلاشماسلىقىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

1) يېڭى تىپتىكى زەھەرنى بىلمەسلىك

بەزىلەر نېمىنىڭ زەھەر ئىكەنلىكىنى، زەھەرنىڭ قانداق زىيىنى بارلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، زەھەر چېكىش يولىغا مېڭىپ قالغان، بولۇپمۇ مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ، كېتامىن قاتار-لىق يېڭى تىپتىكى زەھەرلەرنىڭ زىيىنىغا نىسبەتەن خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى يېتەرسىز بولغان. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى زەھەر ئەمەس، چەكسە خۇمار قىلمايدۇ، ئۆزىگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا تانسىخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ، كېتامىن قاتارلىق يېڭى تىپتىكى زەھەرنى كوللېكتىپ ئىستېمال قىلىد-

دىغان ئەھۋاللار بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ھەمدە ناھايىتى تېزلا يېڭى تىپتىكى زەھەرنى قالايمىقان ئىشلىتىدىغان ئادەملەر توپى شەكىللەنگەن. ئۇلار خېروئىننى قالايمىقان ئىشلىتىدىغان كىشىلەر توپىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك بىر قەدەر يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئاساسى بىر قەدەر ياخشى ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ئىچىدە ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر خېلى زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

2) قىزىقىش ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش

قىزىقىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردىمۇ كۈچلۈك قىزىقىش ھېسسىياتى بولىدۇ. ئۇلار ھەممىنى يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ، ئۇلار «نېمىلىكى»، «نېمە ئۈچۈنلۈكى»نى بىلىشنى ئويلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئاسانلا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىزىقىش بىلەن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش پسىخىكىسى توغرا يېتەكلەنمىسە ۋە چەكلەپ تۇرۇلمىسا، ئويلىدىمىغان يەردىن چىقىپ ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئىچىدىكى زەھەر چەككۈچىلەرنى تەكشۈرۈشتىن بايقىلىشىچە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زەھەرنى بىرىنچى قېتىم چەككەندە، زەھەرگە قىزىقىش ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ بىر سىناپ بېقىش پسىخىكىسى بىلەن چېكىدىكەن.

3) زەھەرنىڭ خۇمار قىلىشچانلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەسلىك، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىش كېتىش

«زەھەر خۇمارى» ناھايىتى تەستە تاشلىغىلى بولىدىغان بىر خىل دورىغا بېقىنىشچانلىقا ئىگە نەرسە بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى تاماكا خۇمارى، ھاراق خۇمارىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىشى يېتەرلىك بولمىغاچقا،

ئۇلار زەھەرنى تاشلاش، خۇددى تاماكا تاشلاش، ھاراق تاشلاشقا ئوخشاش ئاسان، دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىدۇ.

زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىرىنچى قېتىم چېكىشتىن بۇرۇن زەھەرنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىغا، كۈچلۈك ئىرادىسىگە ئىشىنىپ كېتىپ، خۇمار بولۇپ قالسىمۇ چوقۇم تاشلىيالايمەن، دەپ قارايدۇ.

4) راھەت - پاراغەتنى كۆزلەش، زەھەر چېكىشنى مودا دەپ قاراش

مودا قوغلىشىش ھازىرقى جەمئىيەتتىكى بىر خىل «يۇقۇملۇق كېسەللىك» بولۇپ، مودا بۇيۇملارنى ئىشلىتىش جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشتىكى كاپىتالى بولۇپ قالغان. گەرچە بۇنداق ئادەملەر كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئۆزىنى ياراتماسلىقىدىن قورقۇپ، مودا قوغلىشىدىغانلار ئاز ئەمەس. بۇنداق مودا قوغلىشىدىغان، يۈزى چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدىغان، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىدىغان كىشىلەر زەھەر چېكىدىغان ياكى زەھەر ئېلىپ ساتىدىغانلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپلا قالسا، ناھايىتى ئاسانلا زەھەر پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ.

5) پسىخىك بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش

ئادەم كىشىلىك ھاياتتا دائىم ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئىچ پۇشۇقىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ دائىم لايىقىدا ئادەم تېپىپ دەردىنى ئېيتالماي، ئۇنى نائىلاج قورسىقىغا سولاپ يۈرۈ-

ۋېرىدۇ، بۇنداق دەردنى ئىچىگە يۇتۇش كۆپىيىپ روھىي جەھەتتە بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. زەھەر چېكىشكە كەلسەك، بۇ بىر خىل پاسسىپ ھالدىكى قولللىنىشقا بولمايدىغان قۇتۇلۇش ئۇسۇ- لىدۇر. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر پسىخىكا ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتتىن يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئوقۇش بېسىمىنىڭ ئېغىر- لىقى، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن قانداق ئۆتۈش مەسىلىسى، شۇنىڭدەك جىنسىي يېتىلىشتىن كېلىپ چىققان تىت ـ تىت بولۇش، بىئارام بولۇش كەيپىياتى قاتارلىقلار ئۇلاردا ئاسانلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش تۇيغۇسى ۋە ئىچى پۇشۇقنى پەيدا قىلىدۇ، ئەگەر بۇ چاغدا قايمۇقتۇرۇشقا ئۇچرىسا، ئاسانلا زەھەر پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ياشلارمۇ ئىشسىزلىق، مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، مۇھەب- بەتلىشىپ مەغلۇپ بولۇش قاتارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەن- دە، زەھەر چېكىش ئارقىلىق بۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ.

### 2. زەھەر چېكىشنىڭ ئائىلە سەۋەبلىرى

ئائىلە باللارنىڭ بۆشۈكى، باللارنى بېقىپ تەربىيىلەيدى- دىغان، باللارنى فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتىن ساغلام يېتىلدۈرۈپ چوڭ قىلىدىغان ئورۇن. زەھەر چېكىشنىڭ سەۋەب- لىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن كونكرېت ھالدا بىرەر زەھەر چەككۈچىگە، بولۇپمۇ زەھەر چېكىدىغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئائىلە مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

1) ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى تۇپەيلىدىن پەرزەنتلىرى

زەھەر چېكىش

ئىللىق ئائىلە مۇھىتى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدىغان جايىدۇر. ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى ياكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزئاققىچە جېدەل قىلىشى بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىگە داغ تەگكۈزىدۇ. بالىلارنىڭ مېھىر ــ مۇھەببەتكە بولغان ئېھتىياجى ئائىلىدە قانائەت تاپمىسا، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە بېرىپ تەسەللى ئىزدەيدۇ. تاشقى دۇنيا ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغان بالىلار تاشقى دۇنيادا ئاسانلا ئالدىنىپ، يامان يولغا مېڭىپ قالىدۇ. نۇرغۇن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ زەھەر چېكىش يولىغا مېڭىپ قېلىشى، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2) ئاتا ــ ئانىلارنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن پەرزەنتلىرى زەھەر چېكىش

ئاتا ــ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىلارغا كىيىم ــ كېچەك، يېمەك ــ ئىچمەك، ياتاق جاي، پائالىيەت سورۇنى ھازىرلاپ بېرىشلا بولۇپلا قالماستىن، ئاتا ــ ئانىلار يەنە بالىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، بالىلارنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادەملىرى ۋە باردى ــ كەلدىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. نارەسىدە بالىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ. ئاتا ــ ئانىلار بالىلارنىڭ ۋەسىيسى ۋە قوغدىغۇچى ئىلاھى بولۇپ، ئۇلار بالىلارنىڭ بارلىق ئىش ــ ھەرىكەتلىرىگە پەخەس بولۇشى، بالىلارنى ھەممە جەھەتتىن ئاسرىشى، بالىلارنىڭ روھىي

جەھەتتىن ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن زىيان زەخمەتكە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. ئاتا ـ ئانىلاردا ساقلانغان ئۆزىنىڭ خىزمىتى ياكى يەپ ـ ئىچىپ تاماشا قىلىشى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، باللار بىلەن چاتىقى بولماسلىقى، باللارغا غەمخورلۇق قىلىشى ۋە باللارنى قوغدىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى باللارنىڭ زەھەر چېكىپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدۇر.

3) ئائىلە تەربىيىسى لايىقىدا بولمىغاچقا، پەرزەنتلىرىدە بىزار بولۇش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ زەھەر چېكىش

باللارنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بولسا، دەل ئۇلاردا كۈچلۈك غۇرۇر ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ئېڭى شەكىللىنىدىغان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ۋە ئورۇپ تىللىشىغا دۇچ كەلسە، ئاسانلا بىزار بولۇش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ، قارشىلىشىش، يۈز ئۆرۈش، قائىدىنى بۇزۇش، قىلما دېگەننى قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلىمەكچى ۋە مۇستەقىل ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ئارزۇسىنى قاندۇرماقچى بولىدۇ. بۇلار باشتا زەھەرنىڭ تەمىنى تېتىغان چاغدا بۇنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۆزى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ پۇشايمان قىلغاندا بولسا، ھېچنېمىگە ئۇلگۇرەلمەي قالىدۇ.

4) ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ناچار تەسىرىگە ئۇچراشتىن زەھەر چېكىش

ئائىلە بولسا كىشىلىك ھاياتتىكى بىر قېيىق، كىشىلىك ھاياتتا بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانماق تەس. پەقەت ئاتا ـ ئانىلار، پەرزەنتلەر، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللار

تۇرمۇشتا بىر - بىرىگە يار يۆلەك بولۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلاشقانىدى، ئاندىن بوران - چاپقۇننى يېڭىپ قىرغاققا چىقالايدۇ. ئەگەر بۇنداق ھەمكارلىق بولمايدىكەن، قېيىقنىڭ تەقدىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. تەكشۈرۈش ئىسپاتلىدىكى، ئائىلىدە ئەگەر زەھەر چېكىدىغانلاردىن بىرەرسى بولسىلا، ئاخىرقى نەتىجىسى تەبىئىي يوسۇندا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇش، مېھىر - مۇھەببەت يىرىكلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

### 3. زەھەر چېكىشنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى

1) تېز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ، ئىجتىمائىي ئامىللارمۇ كىشىلەرگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلىدۇ. 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىن 70 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو «زەھەرسىز دۆلەت» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ زەھەرنى مەنئى قىلىشتا قوللانغان تەدبىرىنىڭ قاتتىق بولغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى بېكىنمە ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە نوقۇل، ئاددىي - ساددا ئىجتىمائىي كەيپىياتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدا باشلانغان ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشقانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىمۇ زور ياخشىلىنىش بولدى. بېكىنمە ئەندىزە بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ئۇچۇرلاشقان، خەلقئارالاشقان تەرەققىيات كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى تېز ئۆزگەرتتى، ھازىر

دۆچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى 20 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتۇق. دەل مۇشۇنداق تېز بولغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدا پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، لىبېرا-لىزملىق باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، زەھەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۇپراق يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئارا زەھەر ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن، زەھەرنىڭ تەھدىتى بىلىندۇرمەستىن ھۇجۇم قىلىپ ۋە ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ يامراپ، گۈللىنىۋاتقان دەۋرىمىزگە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى.

2) ناچار كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ تەسىرى

تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، خېلى كۆپ زەھەر چەككۈ-چىلەر تۇنجى قېتىم چېكىشنى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىن باشلىغان. بۇ جايدا ئادەملەر مەركەزلەشكەن، ياخشىلار بىلەن ئەسكىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بولمىغۇر قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، بىر قىسىم زەھەر ساتقۇچىلار بۇنداق جايلارغا كېلىپ زەھەر سېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى بىر قىسىم كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا گىلدىڭلاتقۇ، كېتامىن، كرىستال زەھەر قاتارلىقلارنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئەھۋاللىرى خېلىلا ئومۇميۈزلۈك ئىكەن.

3) مەھەللىنىڭ تەسىرى

مەھەللە بىر جايدا بىرگە ئولتۇرىدىغان كىشىلەردىن شەكىللەنگەن ئورتاق ئىجتىمائىي گەۋدە. كىشىلەر بۇ ئورتاق مەھەللىلەردە بىللە ياشايدىغان بولغاچقا، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھەرد-كەت ئۇسۇلى جەھەتلەردە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ناۋادا

مەھەللىدە زەھەر چېكىش ئىللەتلىرى كۆرۈلۈپ، كوچلۇك باشقۇ-رۇلمىسا، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەن-دۈرۈپ قويۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى زور بولىدۇ. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زەھەر ئۆسۈملۈكىنى تېرىش، زەھەر ياساش، زەھەر ئېلىپ سېتىش قىلمىشلىرى كۆرۈلگەن بىر قىسىم ناچار مەھەللىلەر كۆپ ھاللاردا زەھەر يامرىغان خەتەرلىك رايون بولۇپ قالغان.

4) زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلارنىڭ تەسىرى

زەھەر ئېلىپ سېتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىد-شى زەھەر چېكىشنىڭ ئەدەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەبتۇر. بىر تەرەپتىن زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلار كۆپ پايدا تېپىشنى كۆزلەپ، ھەممىشە ۋاستە تاللىماستىن بازارنى كېڭەيتىپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى زەھەر چېكىشكە مەجبۇرلايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ سېتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشتىكى بىر يولى. يەنە بىر تەرەپتىن، زەھەر چەككۈچىلەر خۇمارى تۇتقاندىن كېيىن تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ھېچنېمىگە قارىماستىن زەھەر ئىشلەيدۇ. زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم زەھەر چېكىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زەھەر تاشلىغۇ-چىلارنىڭ قايتا چېكىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى سەۋەبلەر-نىڭمۇ بىرىدۇر.

5) دوستنى ئوبدان تۇتماي، باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ زەھەر چېكىش

مۇتلەق كۆپ ساندىكى زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ زەھەرنى تۇنجى قېتىم چېكىشى ۋە قايتا چېكىشى ئاساسەن ناچار دوستلد-

ـرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، چۈنكى بۆگۈنكى جەمئىيەتتە زەھەر ئاشكارا ئېلىپ ساتىدىغان تاۋار بولمىغاچقا، زەھەر ساتقۇـ چىلار ياكى زەھەر چەككۈچىلەرگە يولۇقۇپ قالمىسىلا، زەھەرگە يولۇقۇپ قېلىشنىڭ پۇرسىتى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. شۇڭا دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولماسلىقنى زەھەر چېكىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەب، دېيىشكە بولىدۇ.

## 4 § . زەھەرنىڭ زىيىنى

زەھەرنىڭ زىيىنى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، پسىخىكىسىنى زەھەر ـ لەيدۇ، ئائىلىنى بۇزۇپ، ھاياتىغا تەھدىت سالىدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

### 1. زەھەر چېكىشنىڭ شۇ كىشىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا بولغان زىيىنى

1) زەھەر چېكىش ئادەم تېنىنىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىدۇ.

ئەپيۇن تۈرىدىكى زەھەرنى قالايمىقان ئىشلەتكەندە، ئادەمـ نىڭ نېرۋا سىستېمىسى، نەپەس سىستېمىسى، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا زىيان يەتكۈزىدۇ؛ نەشىنى قالايمىقان ئىشلەتكەندە، نېرۋا توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ؛ ھەرىكەت ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. كرىستال زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ قاتار ـ

لىق زەھەرلەرنى قالايمىقان ئىشلەتكەندە، يۈرەك مۇسكۇلىنى چوڭايتىۋېتىدۇ، تارايتىۋېتىدۇ، ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، كاردىن چىقىرىدۇ، تېرە ھۇجەيرىسىنى زەخىملەندۈرىدۇ ۋە كىچىك قان تومۇرلىرىنى تارتىشقاق قىلىپ قويىدۇ.

2) زەھەر چېكىش ئادەمنى جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلايدۇ.

زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئەڭ كۆپ تارتىدىغان ئازابى بولسا «زەھەر ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدىكى ئەكس تەسىر»دىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى زەھەر خۇمارى تۇتۇپ كېتىش، دەپ ئاتايدۇ. زەھەر ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدىكى ئەكس تەسىر ئىشلەتكەن زەھەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خېروئىننىڭ ئۇنىڭدىن ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدىكى ئەكس تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئېغىر بولغاندا قان بېسىمى تۆۋەنلەپ، شوك بولۇپ قالىدۇ ياكى يۈرەك مېڭە كېسەللىكلىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

3) زەھەر چېكىش ئادەمدە نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

بىر قانچە خىل زەھەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلغاندا ياكى زەھەر چەككەندىن كېيىن ھاراق ئىچكەندە، بۇ خىل كېسەللىكلەرگە ئاسان گىرىپتار بولغاندىن باشقا، نۇرغۇن زەھەرلەرنىڭ ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسىغا كۆرۈنەرلىك زىيىنى بار. زەھەر چەككۈچىلەر ئۇنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندە، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، جىددىي خاراكتېرلىك خام خىيال قىلىش كېسىلى، خىيالىي ئاڭلاش، خىيالىي كۆرۈش ۋە باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئوخشاش كېسەل-

لىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە زەھەر چەككەندىن كېيىن دەلدۈش بولۇپ قېلىش، ئاسان ئاچچىق-لىنىش، ئۈنتۇغاق بولۇپ قېلىش، زېھنىنى يىغالماسلىق، سېزد-مى ئاستا بولۇش، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىشكە ئوخشاش نېرۋا كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەر «مۇددىئاسىز ئۇنىۋېرسال كېسەل» ياكى «چۈشكۈن-لىشىش تىپىدىكى ئۇنىۋېرسال كېسەل» دەپ ئاتىلىدۇ.

4) زەھەر چېكىش ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەخلاقىنى بۇزىدۇ.

زەھەرگە ئۆگىنىپ قالغانلار ھەمىشە ناھايىتى شەخسىيەتچى كېلىدۇ، ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدۇ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمەي-دۇ، راھەت ـ پاراغەت قوغلىشىدۇ، ھورۇن كېلىدۇ، يالغان ئېيتىشقا ھېرىسمەن بولىدۇ، مەسئۇلىيەتسىز كېلىدۇ، ئار ـ نومۇس دېگەننى بىلمەيدۇ، يۈزسىز كېلىدۇ، زەھەر بىلەن پۇلنىلا تونۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇتلەق كۆپ ساندىكى زەھەر چەككۈچىلەر ئەقلىي جەھەتتە زەھەر چېكىشنىڭ ئەسكى ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى، ھەر قېتىم زەھەر چەككەندە قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقى ئۈچۈن، تەكرارلىنىپ تۇرغان بۇ زىددىيەت، ئازاب ۋە پۇشايمان ئۇلارنى ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىدىغان، ئۆزىنى ئىنتايىن تۆۋەن چاغلايدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەيدىغان، ئۈمىدسىزلىنىپ ھەممىدىن ۋاز كېچىد-دىغان، قورقۇنچاق ۋە گۇمانخور قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ئۆلۈۋې-لىشقا ۋە قاتىللىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

بىر ئادەم زەھەر چېكىشتىن بۇرۇن قانچە ساغلام، ئەقىل-

لىق، غەيرەتلىك، تىرىشچان بولىسىمۇ، لېكىن زەھەر چەككەندىن كېيىنلا ھەممىدىن ئايرىلىدۇ، تېنى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، ئىرادىسى بوشىشىپ كېتىدۇ، مىجەزى ئۆزگىرىپ غەلىتە ئادەم بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئەخلاقىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

2. زەھەر چېكىشنىڭ ئائىلىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى

زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئائىلىسىگە ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. ئائىلىسىدىن زەھەر چېكىدىغانلار چىقسىلا ئائىلىگە ئاپەت كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ توزۇپ سورۇلۇپ كېتىشى، بالا - چاقىسىدىن ئايرىلىشى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن يۈز ئۆرۈشى، ھەتتا ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلىشى تۇرغانلا گەپ. ئائىلىنىڭ مۇقىم بولۇش ياكى بولماسلىقى جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئامانلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

1) زەھەر چېكىش كۆپ ھاللاردا ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىدۇ.

نۆۋەتتە قاراقچىغۇ بازارلاردا خېروئىننىڭ بىر گرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى تەخمىنەن 100 ~ 300 يۈەنگىچە بولۇۋاتىدۇ. بىر زەھەر چەككۈچىنى كۈنىگە ئۈچ گرامدىن چېكىدۇ دېسەك، 300 يۈەندىن ھېسابلىغاندا، كۈندە 900 يۈەندىن خەجلەيدۇ، يىلىغا بولسا 328500 يۈەننى چېكىپ بولىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش سەۋىيىمىز بويىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭغا دېھقانلارلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى مائاشلىق ئادەملەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەڭ ئادەتتىكى زەھەر چېكىدىغانلارمۇ كۈنىگە 0.5 گرامدىن ئارتۇق زەھەر چېكىدىغان بولۇپ، يىلىغا 50 مىڭ يۈەندىن 60 مىڭ يۈەنگىچە پۇلنى چېكىپ

توگىتىدۇ، بەزى كونىراقلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئىككى گرامغا يېتىپ يىلدا نەچچە يۈز مىڭ يۈەننى سورىۋېتىدۇ. شۇڭا، قىمار بىلەن زەھەر ئەزەلدىن تارتىپ ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىدىغان بالا ـ قازا يىلتىزى دېيىلىپ كەلگەن.

2) زەھەر چېكىش ئائىلىنى بۇزۇپ، بالا ـ چاقىلىرىنى سەرسان قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

زەھەر چەككەنلىكتىن كېلىپ چىققان ئائىلە تراگېدىيىسى ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك بولسىمۇ، لېكىن تراگېدىيىنىڭ ۋەقەلىكى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: زەھەر چەككەندە ئائىلە ئىقتىسادى تېزلا سورۇلۇپ كېتىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ نەپرەتىدىن تەدرىجىي خالىي بولالمايدۇ، نەتىجىدە ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باللار ئۆزئارا ئۆچەكىشىپ قالىدۇ، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئائىلە تىنچ، ئىناق بولمايدۇ. زەھەر چەككەندىن كېيىن خۇي ـ پەيلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، يېنىك بولغاندا ئۆيدىكىلەرنى تەكرار ئالدايدۇ، ئائىلىنىڭ پۇل ـ مېلىنى ئوغرىلايدۇ، سېتىۋېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئائىلىسىدىكىلەرنى زەھەر چېكىشكە ئازدۇرىدۇ ياكى ئايالىنى گۆرۈگە قويىدۇ، پەرزەنتلىرىنى سېتىۋېتىدۇ، ھەتتا ۋىجدانىنى يوقىتىپ، ئەشەددىيلىشىشكە قاراپ ماڭىدۇ، زەھەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى رەھىمسىزلەرچە زەخىملەندۈرىدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاخىرى ئۆزىمۇ قانۇن تورىغا چۈشۈپ، ھەقىقىي خانىۋەيران بولىدۇ.

**3. زەھەر چېكىشنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى**

زەھەر چېكىش زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي

ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئائىلىسىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. لېكىن زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ زىيىنى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ جەمئىيەتتىكى بىر «زەھەرلىك ئۆسمە». ئۇ جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دۆلەت مەبلىغىنى خورىتىۋېتىدۇ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زەھەرلەيدۇ ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك تەرەققىياتىغا تەھدىت سالىدۇ.

1) زەھەر چېكىش نۇرغۇن ئىجتىمائىي بايلىقنى يوقىتىۋېتىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

بىرىنچىدىن، زەھەر چەككۈچىلەر نۇرغۇن ئىجتىمائىي بايلىقنى بىۋاستە خورىتىپ تۈگىتىدۇ. دۆلىتىمىزدە 2003 – يىلى تىزىمغا چۈشكەن زەھەر چەككۈچىلەر بىر مىليون 500 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خېروئىن چېكىدىغانلارنىڭلا سانى 740 مىڭ كىشىگە يەتكەن. ئەگەر ئەڭ تۆۋەن مىقدار بويىچە بىر خېروئىن چەككۈچى كۈنىگە ئۈچ گرام خېروئىن چېكىدۇ دېسەك، بۇلار يىلىغا 27 مىليارد يۈەن خەلق پۇلىنى چېكىپ تۈگىتىدۇ. تېخى بۇنىڭ ئىچىدە باشقا تۈردىكى زەھەر چەككۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ زەھەر چېكىشى ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەت يوق.

ئىككىنچىدىن، دۆلەت زەھەرنى مەنئى قىلىشقا نۇرغۇن بەدەل تۆلەيدۇ. دۆلىتىمىزدە ھەر يىلى دېگۈدەك ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتلەردىن زەھەر چەكلەشكە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ھەر يىلى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشى، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش، زەھەرنى باھالاپ بېكىتىش ۋە دېلو

بېجىرىش قاتارلىقلارغا نۇرغۇن خىراجەت ئاجرىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇچىنچىدىن، زەھەر يەنە نۇرغۇن ۋاستىلىك زىيانلارنى پەيدا قىلىدۇ. زەھەر ئېلىپ سېتىش، زەھەر چېكىش تۇپەيلىدىن يۈز بەرگەن تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن زىيىنى، شۇنداقلا زەھەر چەككۈچىلەر ھەر خىل ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇنى داۋالىتىشقا كەتكەن داۋالىنىش خىراجىتى قاتارلىقلارنى قوشقاندا، بۇ جەھەتتىكى زىيانمۇ ئىنتايىن زور ساننى ئىگىلەيدۇ.

2) زەھەر كۆپ خىل جىنايى قىلمىشلارنى پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

زەھەرنىڭ ھەر خىل جىنايەتلەرنى پەيدا قىلىشى خېلى بۇرۇنلا دۇنيا خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ قالغان بولۇپ، ئېلىمىزدىمۇ جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا خېلى زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. زەھەر پەيدا قىلغان تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتتىكى تېخىمۇ زور بىر ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلاندى. زەھەر چەككۈچىلەر زەھەر چەككەندىن كېيىن خۇي - پەيلى ئۆزگىرىپ، ئىنسانىي پەزىلىتى سۇسلىشىدۇ، ئەخلاقتا بۇزۇلىدۇ، ئار - نومۇسىنى يوقىتىدۇ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، زەھەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، پۇل - مالغا ئېرىشىشتىن يانمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى سادىر قىلىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدا كرىستال زەھەر، گىلىدىڭلاتقۇ، كېتامىن قاتارلىق يېڭى تىپتىكى زەھەردىن كېلىپ چىققان جىنايەت دېلولىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. چۈنكى يېڭى تىپتىكى زەھەر بىلەن ئەنئەنىۋى زەھەرنىڭ زەھەر

چەككۆچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش-تىكى رولى كۆرۈنەرلىك ئوخشىمايدۇ، خېروئىن چەككۈچىلەر ئادەتتە چېكىشتىن بۇرۇن زەھەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن پۇل تېپىش يولىدا جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. بىراق مۇزسىمان زەھەر، گىلدىڭلات-قۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلار بولسا، ئادەتتە ئۇنى ئىستېمال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، روھىي كېسەللىك ئالامەتلىرى يۈز بەرگەند-لىكتىن جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن: گىلدىڭلاتقۇنى ئىستېمال قىلغان ئوغۇل ـ قىزلار ئىنتايىن ئاسانلا يولدىن چىقىپ كېتىدۇ.

3) زەھەر چېكىش پۇقرالارنىڭ ساپاسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

(1) زەھەر چېكىش پۇقرالارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈ-زۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى زەھەر چېكىش سەۋەبىدىن 100 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىكەن، يەنە 10 مىليون ئادەم ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالىدىكەن، بۇلارنىڭ كۆپىند-چىسى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئىكەن.

زەھەر چېكىشنىڭ پۇقرالارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈ-زىدىغان ئەڭ چوڭ زىيىنى بولسا ئەيدىز كېسەللىكى، جىنسىي كېسەللىك ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكنى يۇقتۇرۇشىدۇر. مەملىكىتىمىز بويىچە ئەيدىز كېسەللىكى يۇقتۇرۇۋالغانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك زەھەرنى تومۇرغا ئوكۇل قىلىشتىن يۇقتۇرغان بولۇپ، زەھەر چەككەندە يەنە دائىم دېگۈدەك جىگەر ياللۇغى، جىنسىي كېسەللىك قاتارلىق كىشىلەرگە زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولغان كېسەللىكلەرنىمۇ يۇقتۇرۇۋالىدۇ.

(2) زەھەر چېكىش كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلاملىقىغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېلەچىكىنى نابۇت قىلىدۇ.

نۇرغۇن تەتقىقاتلار زەھەر چەككەندە ئادەمنىڭ كۆپىيىش سىستېمىسىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەرلەر زەھەر چەكسە جىنسىي ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. ئاياللار زەھەر چەكسە، تۇرەلمىنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاستە تەسىر قىلىپ، تۇرەلمىنىڭ غەيرىي ياكى بالدۇر تۇغۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ياكى زەھەرنىڭ زىيىنى تۇرەلمىگە قان ئارقىلىق يەتكەنلىكتىن، تۇرەلمىنىڭ زەھەرنى پاسسىپ ھالدا ئىستېمال قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئانا قەرەللىك ھالدا زەھەر چەكسە، تۇرەلمىمۇ قەرەللىك ھالدا زەھەر ئىستېمال قىلىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ كىندىكى كېسىلگەندىن كېيىن، زەھەر بىلەن ئۈزۈلمەي تەمىنلىنىشتىن مەھرۇم قالغاچقا، ئۈزۈلۈپ قېلىش خاراكتېرلىك ئەكس تەسىر پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

## 5 § . ئېلىمىزنىڭ زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر سىياسەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار

**1. دۆلىتىمىزنىڭ زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر سىياسەتلىرى**

1) زەھەرنى مەنئى قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىتى

زەھەرنى مەنئى قىلىش بولسا دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا، مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسى-

ۋەتلىك چوڭ ئىش، ئىلىمىز ھۆكۈمىتى زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتىنى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي سىياسىتى سۈپىد-تىدە خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يىرىك پىلانىغا كىرگۈزدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىم بۇرچى قىلىپ بەلگىلىرى

2) «تۆتنى مەنئى قىلىش»نى تەڭ تۇتۇش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىن ئىبارەت زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتى فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش

ئېلىمىز زەھەر چېكىشنى مەنئى قىلىش، زەھەرنى ئېلىپ سېتىشنى مەنئى قىلىش، زەھەر ئۆسۈملۈكىنى تېرىشنى مەنئى قىلىش، زەھەرنى ياساشنى مەنئى قىلىشتىن ئىبارەت «تۆتنى مەنئى قىلىش»نى تەڭ تۇتۇش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىن ئىبارەت زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتى فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدۇ. زەھەرگە بولغان ئېھتىياجنى ئازايتىش بىلەن زەھەر بىلەن تەمىن-لەشنى ئازايتىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى، زەھەر ئېلىپ سېتىش، زەھەر توشۇش، زەھەر ياساش ۋە قانۇنسىز ھالدا زەھەر ئۆسۈملۈكىنى تېرىشقا ئوخشاش جىنايى ھەرىكەت-لەرگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ.

3) زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش

ئېلىمىز زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر قانۇن ـ نىزام سىستېمىسىنى ئورنىتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ناركوز دورد-

لىرى ۋە زەھەرنى ئاسان ياسىغىلى بولىدىغان خىمىيىلىك بۇيۇملارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ ۋە تىزگىنلەپ، زەھەرگە دائىر قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدى-نى ئالدۇ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ. داۋالاپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ۋە ۋە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇ-رۇپ، زەھەر چەككۈچىلەرنى داۋالاپ ۋە قۇتقۇزۇپ، زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتىنىڭ قانۇنچىلىق يولىدا ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

4) خەلقئارالىق زەھەرنى مەنئى قىلىش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىش ۋە ئۇنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش

ئېلىمىز ھۆكۈمىتى زەھەرنى مەنئى قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ۋە خەلقئارالىق زەھەرنى مەنئى قىلىش ساھەسىدىكى ئۈچ تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئەستايىدىل ئادا قىلىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك پرىنسىپ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىپ، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئۇنىۋېرسال، باراۋەر بولغان خەلقئارا-لىق زەھەر مەنئى قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش. ۋاكالىتەن ئىشلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، زەھەر مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

**2. دۆلىتىمىزنىڭ زەھەرگە دائىر قانۇن بەلگىلىمىلىرى**

ئېلىمىز قانۇنىدا زەھەرگە دائىر مۇنداق بەش خىل قانۇن-سىز قىلمىش بەلگىلەنگەن.

1) زەھەرنى قانۇنسىز ئېلىكىدە تۇتۇش قىلمىشى

بۇ 200 گرامدىن ئاز ئەپيۇن، 10 گرامدىن ئاز خېروئىن

ياكى مېتىل ئامفېتامىن ۋە ياكى ئاز مىقداردا باشقا زەھەرنى ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتقان، جىنايى جازا بېرىشكە توشمايدىغان قىلمىشتۇر. بۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى 15 كۈندىن تۆۋەن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىدۇ، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، زەھەرنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

2) زەھەر ئۆسۈملۈكىنى قانۇنسىز تېرىش

بۇ ئەپيۇنگۈل، كەندىر قاتارلىق زەھەر ئۆسۈملۈكىنى قانۇنسىز تېرىپ، سانى 500 تۈپكە توشمايدىغان، يەنە كېلىپ باشقا ئەھۋالى بولمىغان قىلمىشلاردۇر. بۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى 15 كۈندىن تۆۋەن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىدۇ، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، ھوسۇل ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن يۇلۇۋەتكەن بولسا، جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

3) زەھەر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى، مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئىلكىدە تۇتۇش قىلمىشى

بۇ زەھەر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى، مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ ساتقان، توشۇغان، ئېلىپ يۈرگەن ۋە ئىلكىدە تۇتقان، سانى ئازراق بولغان، جىنايەت شەكىللەندۈرمەيدىغان قىلمىش بولۇپ، بۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى 15 كۈندىن تۆۋەن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىدۇ، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، زەھەر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى ۋە مايسىلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

4) زەھەر چېكىش ۋە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش قىلمىشى

بۇ زەھەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن چېكىش، ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش قىلمىشى بولۇپ، بۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىك

ئورگانلىرى 10 كۈندىن تۆۋەن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىدۇ، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، زەھەرنى ۋە زەھەر چېكىش، ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشقا ئىشلەتكەن سايمانلارنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

5) ئاسان زەھەر ياسىغىلى بولىدىغان بۇيۇملارنى ئەتكەس قىلىش، قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش قىلمىشى

بۇ دۆلەتنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاسان زەھەر ياسىغىلى بولىدىغان ئالاھىدە خىمىيىلىك بۇيۇملارنى ئەتكەسچىلىك قىلىپ، قانۇنسىز ئېلىپ سېتىپ ۋە توشۇپ، سانى ئازراق بولغانلىقتىن جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن قىلمىشلاردۇر، بۇنداق ئەتكەسچىلىك قىلمىشلىرىغا تاموژنا قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ. ئاسان زەھەر ياسىغىلى بولىدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا ئالاقىدار مەمۇريي قانۇن نىزام بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

### 3. دۆلىتىمىزنىڭ زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش توغرىسىدىكى قانۇن بەلگىلىمىلىرى

زەھەر جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، شۇنىڭدەك يۇقىرىقى قىلمىشلارغا ئالاقىدار بولغان دۆلەتنىڭ زەھەر مەنئى قىلىش ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى قانۇنلىرىدا زەھەر جىنايىتى

توغرىسىدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن:

1) زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش جىنايىتى

زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش جىنايىتى دېگىنىمىز، زەھەر باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش، زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساشتەك قىلمىشلاردۇر.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 347 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كونكرېت قىلمىشقا قاراپ مۇنداق ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان جىنايى جاۋابكارلىق بېكىتىلگەن.

(1) زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغانلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىردىنى سادىر قىلغانلارغا 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

بىرىنچى، ئەتكەسچىلىك قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئەپيۇن 1000 گرامدىن، خېروئىن ياكى مېتىل ئامفېتامىن 50 گرامدىن كۆپ بولغانلار ياكى باشقا زەھەر مىقدارى كۆپ بولغانلار.

ئىككىنچى، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش گورۇھىدىكى باش ئۇنسۇرلار.

ئۈچىنچى، قورallıق ھالدا زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغانلار.

تۆتىنچى، تەكشۈرۈشكە، توختىتىپ قويۇشقا ۋە قولغا ئېلىشقا زورلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەردىن قىلمىشى

ئېغىر بولغانلار.

بەشىنچى، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىكىگە قاتناشقانلار.

(2) ئەتكەسچىلىك قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئەپيۇن 200 گرامدىن كۆپ، 1000 گرامدىن ئاز بولغان، خېروئىن ياكى مېتىل ئامفېتامىن 50 گرامدىن كۆپ 10 گرامدىن ئاز بولغانلار ياكى باشقا زەھەر مىقدارى كۆپرەك بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

(3) ئەتكەسچىلىك قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئەپيۇن 200 گرامدىن ئاز، خېروئىن ياكى مېتىل ئامفېتامىن 10 گرامدىن ئاز بولغانلار ياكى باشقا زەھەر مىقدارى ئاز بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

قىلمىشى ئېغىر بولغانلار دېگەندە تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچى، ئەتكەسچىلىك قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئەپيۇن 140 گرامدىن كۆپ، 200 گرامدىن ئاز بولغان، خېروئىن ياكى مېتىل ئامفېتامىن يەتتە گرامدىن كۆپ 10 گرامدىن ئاز بولغانلار ياكى باشقا زەھەر مىقدارى شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولغانلار.

ئىككىنچى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغانلار.

ئۈچىنچى، زەھەر تاشلاتقۇزۇشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا زەھەر ساتقانلار.

تۆتىنچى، نۇرغۇن ئادەمگە زەھەر ساتقان ياكى كۆپ قېتىم زەھەر ئېلىپ ساتقانلار.

بەشىنچى، خاراكتېرى ئېغىر بولغان باشقا قىلمىشى بولغانلار.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 347 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئورۇنلاردىن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا يۇقىرىقى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا يەنە تۆۋەندىكى قىلمىشلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن:

بىرىنچى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىشقا سېلىپ ياكى كۈشكۈرتۈپ، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە زەھەر ساتقانلار.

ئىككىنچى، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلگىرى قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر.

زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش قىلمىشلىرىنى كۆپ قېتىم سادىر قىلغانلارنىڭ

زەھەر مىقدارى قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) زەھەر ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى

زەھەرنى ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، سىركە كىسلاتا ئانھىدرىدى، ئېتىر، خلوروفورم ياكى زەھەر ياساشقا كېرەكلىك باشقا خام ئەشيا ۋە باشقا قوشۇلما خۇرۇچىنى قانۇنسىز توشۇپ، ئېلىپ يۈرۈپ، چېگرىدىن كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 350 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، زەھەرنى ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. مىقدارى كۆپ بولغانلارغا (ئېفېدرىن، ساختا ئېفېدرىن ھەم ئۇنىڭ تۇز تۇردىكى يەككە رېتسېپلىق دورا ياسالمىسى 50 كىلوگرامدىن كۆپ، ئېفېدرىن ئېكستراكتى 100 كىلوگرامدىن كۆپ، سىركە كىسلاتا ئانھىدرىدى، خلوروفورم 2000 كىلوگرامدىن كۆپ، ئېتىر 3000 كىلوگرامدىن كۆپ بولسا) ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئورۇنلاردىن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۈستىگە ئالىدىغان جىنايى جاۋابكارلىق بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

3) زەھەر ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش جىنايىتى

زەھەر ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، سىركە كىسلاتا ئانھىدرىدى، ئېتىر، خلورو ـ فورم ياكى زەھەر ياساشقا كېرەكلىك باشقا خام ئەشيا ۋە باشقا قوشۇلما خۇرۇچىنى چېگرا ئىچىدە قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش قىلمىشىدۇر.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 350 – ماددىسىدىكى بەلگىلىـ ـمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇ ـ لىدۇ. مىقدارى كۆپ بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئورۇنلاردىن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن تەبىئىي ئادەم ئۇستىگە ئالىدىغان جىنايى جاۋابكارلىق بويىچە جازا بېرىلىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

4) زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنى قانۇنسىز تېرىش جىنايىتى

زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنى قانۇنسىز تېرىش جىنايىتى دېگىـ ـنىمىز، ئەپيۇنگۈل، كەندىر قاتارلىق زەھەر ئۆسۈملۈكىنى قانۇنـ

سىز تېرىپ، مىقدارى كۆپرەك بولغان ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن يەنە تېرىغان ۋە ياكى چانۇبتىشكە قارشىلىق قىلغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 351 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك جازا ئۆلچەش ئۆلچىمى قوللىنىلىدۇ:

(1) قانۇنسىز تېرىغان ئەپيۇنگۈل 500 تۈپتىن كۆپ، 3000 تۈپتىن ئاز ياكى قانۇنسىز تېرىغان باشقا زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ مىقدارى كۆپرەك بولغانلار ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن يەنە تېرىغانلار، ۋە ياكى چانۇبتىشكە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. قانۇنسىز تېرىغان كەندىر 5000 تۈپتىن كۆپ، 30 مىڭ تۈپتىن ئاز بولغانلار تېرىغان زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ «مىقدارى كۆپرەك» دەپ بېكىتىلىدۇ.

(2) قانۇنسىز تېرىغان ئەپيۇنگۈل 500 تۈپتىن كۆپ ياكى قانۇنسىز تېرىغان باشقا زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ مىقدارى كۆپ بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. قانۇنسىز تېرىغان كەندىر 30 مىڭ تۈپتىن كۆپ بولغانلار تېرىغان زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ «مىقدارى كۆپرەك» دەپ بېكىتىلىدۇ.

زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنى قانۇنسىز تېرىغانلاردىن ھوسۇل يىغىۋېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن چانىۋەتكەنلەرگە جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

5) زەھەر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى، مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئىلكىدە تۇتۇش جىنايىتى

زەھەر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى، مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئىلكىدە تۇتۇش جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ قانۇن نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، بىخ تارتىش كۈچىدىن قالمىغان ئەپيۇنگۈل قاتارلىق زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇرۇقى ياكى مايسىلىرىنى ئېلىپ ساتقان، توشۇغان، ئېلىپ يۈرگەن ۋە ئىلكىدە تۇتقانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 352 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. مىقدارى كۆپ بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

6) باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ ۋە ئالداپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى

باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ ۋە ئالداپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش، كۈشكۈرتۈش ۋە ئالداش ۋاسىتىسى ئارقىلىق باشقىلارنى زەھەر چەكتۈرۈش، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغۇزۇش قىلمىشلىرىدۇر.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 352 – ماددىسى 1 – تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. بۇ ماددىنىڭ 3 - تارمىقىدا يەنە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قىزىقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ ۋە ئالداپ زەھەر چەكتۈرگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇندىن باشقا زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگىمۇ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

7) باشقىلارنى زورلاپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى

باشقىلارنى زورلاپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى دېگىنىمىز، باشقىلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى ئارقىلىق باشقىلارنى زورلاپ زەھەر چەكتۈرۈش، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغۇزۇش قىلمىشلىرىدۇر.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 352 – ماددىسى 2 – تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. مۇشۇ ماددىنىڭ 3 – تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى زورلاپ زەھەر چەكتۈرگەنلەر ئېغىر جازالىنىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

8) باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىشىگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش جىنايىتى

باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىشىگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىشىگە، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشىغا قەستەن سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن قىلمىشلاردۇر.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 354 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

9) ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرى بىلەن قانۇنسىز تەمىنلەش جىنايىتى

ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرى بىلەن قانۇنسىز تەمىنلەش جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەت تىزگىنلەيدىغان

ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرىنى قانۇن بويىچە ئىشلەپچىقىرىدىغان، توشۇيدىغان، باشقۇرىدىغان، ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەردىن دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىدىغان، ئوكۇل قىلىپ سالىدىغانلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى دۆلەت تىزگىنلەيدىغان، خۇمار قىلىدىغان ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 355 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئورۇنلاردىن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن تەبىئىي ئادەم ئۈستىگە ئالىدىغان جىنايى جاۋابكارلىق بويىچە جازا بېرىلىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

10) زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى

زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى دېگىنىمىز، ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈۋالمىغان

ئەھۋالدا، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئۇنى يوشۇرۇنىدىغان جاي، پۇل مال بىلەن تەمىنلەش، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىش ياكى يالغان ئىسپات بېرىپ ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېپىپ، ئۇنى قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش قىلمىشىنى كۆرستىدۇ.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 349 – ماددىسى 1 – تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتقۇچىلار ياكى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى باشقا خادىملاردىن زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچىلەرنى قوغدىغان، قانات ئاستىغا ئالغانلار ۋە ئالدىنقى تارماقتىكى زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلار شۇ ماددىنىڭ 2 – تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئورتاق جىنايەتچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

11) زەھەرنى، زەھەر سېتىشتىن كەلگەن ھارام پۇلنى ساقلاپ بېرىش، يۆتكىۋېتىش ۋە يوشۇرۇپ قويۇش جىنايىتى

زەھەرنى، زەھەر سېتىشتىن كەلگەن ھارام پۇلنى ساقلاپ بېرىش، يۆتكىۋېتىش ۋە يوشۇرۇپ قويۇش جىنايىتى دېگىنىمىز، ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈۋالمىغان ئەھۋالدا، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچىلەرنىڭ زەھىرى ھەم ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تاپقان پۇل - مېلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ساقلاپ بېرىش، يۆتكىۋېتىش ۋە يوشۇرۇپ بېرىش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 349 – ماددىسى 1 – تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

12) زەھەرنى قانۇنسىز ئىلكىدە تۇتۇش جىنايىتى

زەھەرنى قانۇنسىز ئىلكىدە تۇتۇش جىنايىتى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ زەھەر باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، كۆپ مىقداردىكى زەھەرنى ئىلكىدە تۇتۇش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرغان ئەپيۇن 200 گرامدىن كۆپ، خېروئىن ياكى مېتىل ئامفېتامىن 10 گرامدىن كۆپ ۋە ياكى باشقا زەھەر مىقدارى كۆپ ۋە كۆپرەك بولغاندا بۇ جىنايەت شەكىللىنىدۇ.

«جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 348 – ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرغان ئەپيۇن 1000 گرامدىن كۆپ، خېروئىن ياكى مېتىل ئامفېتامىن 50 گرامدىن

كۆپ ۋە ياكى باشقا زەھەر مىقدارى كۆپ بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرغان ئەپيۇن 200 گىرامدىن كۆپ، 1000 گىرامدىن ئاز، خېرو-ئىن ياكى مېتىل ئامفېتامىن 10 گىرامدىن كۆپ، 50 گىرامدىن ئاز ۋە ياكى باشقا زەھەر مىقدارى كۆپرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. قىلمىشى ئېغىرلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

## 6 § . زەھەرنى چەكلەش، زەھەرنى مەنئى قىلىشقا قاتنىشىش

زەھەرنى مەنئى قىلىش گەرچە ھۆكۈمەتنىڭ بۇرچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ مەنپەئىتىگە خالىغانچە زىيان يەتكۈزىدىغان بولغاچقا، زەھەرنى مەنئى قىلىش بولسا ھەر بىر پۇقرانىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

**1. قانداق قىلغاندا زەھەردىن يىراق تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟**

1) زەھەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، «تۆتنى ئەستە

چىڭ تۇتۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بىز زەھەردىن ئۈمۈرۋايەت يىراق تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، مۇنداق تۆت نەرسىنى چوقۇم ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

(1) زەھەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

زەھەر ھەرگىزمۇ زەھىرى بار بۇيۇم ئەمەس، زەھەر دورىسىمۇ ئەمەس. زەھەر دېگىنىمىز ئەپيۇن، نەشە، كوكائىن، خېروئىن، مېتىل ئامفېتامىن (مۇزسىمان زەھەر)، مورفىنلارنى ھەم دۆلەت تىزگىنلەشنى بەلگىلىگەن ئادەمنى خۇمار قىلالايدىغان باشقا ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) زەھەرنىڭ ئادەمنى ئۆچايلا خۇمار قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنى تەلتۆكۈس تاشلاشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى ئەستە چىڭ تۇتۇش لازىم.

(3) زەھەرنىڭ ئۆزىگە، باشقىلارغا، ئائىلىگە، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئەستە چىڭ تۇتۇش لازىم.

(4) زەھەر چېكىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، زەھەر ئېلىپ سېتىشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەك.

2) بىرىنچى چېكىمنى مەڭگۈ تېتىپ باقماسلىق كېرەك.

قىزىقىش بىلەن تەۋەككۇلچىلىك كۆپىنچە زەھەرنىڭ كىشىلەر تېنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە يول ھازىرلاپ بېرىدۇ. يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە ھەۋەسنى قوغلىشىش ئادەمنىڭ تەبىئىتى، ئۇ توغرا ئىگىلەنسە، ئىجادىيەت يارىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ. توغرا ئىگىلەنمىسە، ئاپەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى

ئۆستۈرۈش، زەھەرنىڭ تەمىنى ھەرگىزمۇ تېتىپ باقماسلىق كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، گۆدەكلەرچە چوقۇنۇش پسىخىكىسى زەھەر جەھەتتە ئېزىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقىلارغا ئەگىشىش پسىخىكىسىمۇ زەھەرنىڭ ئالدىنى ئالالماسلىقتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بۇ خىل ئەھۋال قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئىچىدە ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈلىدۇ. راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش پسىخىكىسى بولسا، زەھەرنىڭ كىشىلەرنىڭ جىسمىدىن يوچۇق ئىزدىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

3) قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىش، ھەرگىزمۇ زەھەردىن پايدىلىنىپ ئاچچىقنى چىقارماسلىق كېرەك.

كىشىلىك تۇرمۇش كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەمگە موھتاج. قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چېغىڭىزدا كۆڭلىدىكىڭىزنى يېرىم قىلماسلىقىڭىز، ئۇنى يالغۇز يۇدۇپ يۈرۈۋەرمەسلىكىڭىز لازىم. سىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئاتا ـ ئانىڭىز، سىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇتقۇچىڭىز، تۇز كۆڭۈل، ئىرادىلىك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىزنى ئىزدەپ، ئۇلارغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، زەھەرگە تايىنىپ ئازابنى يەڭگىللىتىدىغان، زەھەرگە تايىنىپ غەم ـ قايغۇ ۋە ئاچچىقنى باسىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى ھەرگىز قىلماڭ!

4) ساغلام ئىلگىرىلەشتەك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاش كېرەك.

قۇرۇق خىياللاردا بولۇش، ھېسسىياتقا بېرىلىش، مودا

قوغلىشىش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زەھەر چېكىش يولىغا مېڭىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇڭا توغرا تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ھاياتنى، ئۆگىنىشنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش، كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ساغلام، مول بولغان تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تېتىتىش لازىم. پۇلنى، راھەت ـ پاراغەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىن يىراق تۇرغانلىق، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا زەھەردىن يىراق تۇرغانلىق بولىدۇ.

5) دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

زور كۆپ ساندىكى زەھەر چەككۈچىلەر دوستىنىڭ تەسىرىدە زەھەر پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ قالغان. شۇڭا زەھەرنىڭ زىيىنىدىن ئۆمۈرۋايەت ساقلىنىمەن دەيدىكەنسىز، ئەڭ مۇھىمى دوستنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۇتۇش ھەمدە ھوشيارلىقنى ھەر ۋاقىت ئاشۇرۇپ، زەھەرنى قەتئىي مەنئى قىلىش كېرەك.

6) ساغلام بولمىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارماسلىق كېرەك.

جىددىي ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تانسا، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا ئاڭلاش، ھۆسن تۈزەش، يۈيۈنۈش، ئۈۋۈلاش، تورغا چىقىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھازىرقى زامان كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا جىسمانىي ساغلاملىقنى ئاسراشنىڭ ئېھتىياجى، لېكىن ھازىر جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى قالايمىقان بولۇپ، مەنىۋى ئەخلەت، قىمار، زەھەر قاتارلىق ناچار قىلمىشلار، ھەتتا قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر ئىنتايىن ئېغىر، ناۋادا بۇنداق

سورۇنلارغا كىرىپ قالسىڭىزلا، پاتقاققا پېتىپ قېلىش ئېھتىمال-لىقىڭىز مەۋجۇت. شۇڭا، ئۆزىڭىزنى پاك تۇتىمەن دەيدىكەنسىز، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بېرىپ جىسمانىي جەھەتتىن ھۇزۇرلانماقچى بولغىنىڭىزدا بارىدىغان سورۇننى چوقۇم ياخشى تاللىشىڭىز كېرەك. بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ساغلام بولمى-غان سورۇنلارغا ھەرگىز يېقىن يولىماسلىقى لازىم.

**2. قانداق قىلغاندا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ زەھەرگە چېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟**

1) مەدەنىي، ئىناق ئائىلە كەيپىياتى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئائىلە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈگۈنى. ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشى، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى، ئۆزئارا چۈشىنىشى لازىم. ئائى-لە ئەزالىرى ئورتاق تىرىشىپ پائال ئالغا بېسىپ، ھەر خىل ناچار ئادەتلەردىن ساقلىنىشى لازىم. بالىلىرىنىڭ زەھەر چەككەن ۋە زەھەر ئىستېمال قىلغانلىقىنى بايقىغاندا، ئاتا - ئانىلار ھاكىمە-مۇتلەقلىك قىلىش، قوپاللىق قىلىشتەك تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللانماستىن، ئۆز ۋاقتىدا بالىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇ-رۇشى، سىردىشىشى، بالىلىرىغا ئائىلىنىڭ مەدەنىي ۋە ئىللىق ئائىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

2) بالىلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

ئاتا - ئانىنىڭ كۆيۈنۈشى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ زەھەر چېكىش يولىغا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ھەم ئائىلىنىڭ ھامىيلىقىغا موھتاج، ھەم

ئائىلىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج. ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، يېمەك ـ ئىچمەك، يېتىپ ـ قوپۇشىغا دىققەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ دوست تۇتۇش ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئىگىلەپ مېڭىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن غەيرىي ئەھۋاللارنى بايقىغاندا ۋاقتىدا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

3) زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، مەڭگۈ «زەھەرسىز ئائىلە» بولۇش كېرەك.

ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشى ۋە خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەممە ئائىلە زەھەرگە دائىر بىلىملەرنى ئوبدان ئۆگىنىشى، ئائىلىدىكى ھەر بىر ئادەمگە نېمىنىڭ زەھەر ئىكەنلىكىنى، زەھەرنىڭ قانداق زىيىنى بارلىقىنى، زەھەرنىڭ قايسى جايلاردا ئاسان پەيدا بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك زەھەردىن قانداق قىلغاندا يىراق تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، زەھەرنى قانداق مەنئى قىلىش قاتارلىقلارنى ئوبدان چۈشەندۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، «زەھەرنى ئائىلىگە يولاتماسلىق» پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشى، ئائىلىدىكى ھەر بىر ئائىلە ئەزاسى «زەھەر چەكمەسلىك، زەھەر ئېلىپ ساتماسلىق، زەھەر ئۆسۈملۈكى تېرىماسلىق، زەھەر ياسىماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەڭگۈ «زەھەرسىز ئائىلە» بولۇشى لازىم.

4) ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دەسلەپكى زەھەر چېكىشىنى قانداق بايقاش كېرەك؟

(1) تۇرمۇش قانۇنىيىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

زەھەر چېكىش ئېھتىياجى ۋە زەھەرنىڭ بەدەنگە بولغان

تەسىرى تۈپەيلىدىن، زەھەر چەككۈچىنىڭ ئۈيقۇسى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك قانۇنىيىتىدە دائىم نورمالسىز ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كەچ ئۇخلايدۇ ياكى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمايدۇ، ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمايدۇ، ياكى كۈندۈزى ئۇخلايدۇ، يېمەك ـ ئىچمىكى رىتىمسىز بولىدۇ، تامىقى ئازىيىپ كېتىدۇ، ئاق ھاراق بىلەن چاي زەھەرنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان بولغاچقا، زەھەر چەككۈچىلەر ئادەتتە چاي بىلەن ئاق ھاراقنى ئىچمەيدۇ، مېۋە ـ چېۋە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

(2) تۇرمۇش قانۇنىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ.

زەھەرنى چەككەندىن كېيىن مىجەز ـ خۇلقىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئەسلىدىكى پەزىلىتى دۇرۇس، مەسئۇلىيەتچانلىقى، كەسىپچانلىقى، ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغانلار تۇيۇقسىز ھورۇن، چۈشكۈن، جىمىغۇر، شەخسىيەتچى بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە يېقىملىق، ئاق كۆڭۈل بولغانلار قوپال، تەرسا بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا رەھىمسىز، ۋەھشىي بولۇپ كېتىدۇ.

(3) ئېنىق بولمىغان چىقىملىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

زەھەر چېكىشكە ناھايىتى كۆپ خىراجەت كېتىدۇ، شۇڭا زەھەر چەككۈچىلەر ھەر كۈنى ناھايىتى كۆپ پۇل خەجلەپ زەھەر سېتىۋالىدۇ. يىغقان پۇلىنى خەجلەپ بولغاندىن كېيىن ھەر خىل يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ چىقىپ خەقلەردىن پۇل سورايدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن قەرز ئالىدۇ، ھەتتا ئۆيىدىن پۇل مال ئوغرىلايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ پۇللارنى نەگە خەجلىگەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ.

(4) سالامەتلىك ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ناچارلىشىدۇ.

زەھەرنى ئىستېمال قىلغاندا ياكى ئوكۇل قىلىپ سالغاندا،

كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ نورغۇن ئەزالىرى ۋە نورغۇن سىستېمىلىرى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە زەھەر چەككەندىن كېيىن ھەمىشە ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇيقۇسى ياخشى بولمايدۇ، نەتىجىدە سالامەتلىك ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ناچارلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئالامەتلىرى ھېرىپ ـ چارچاش، تىت ـ تىت بولۇش، جۇدەپ كېتىش، تېز قېرىپ كېتىش، جىنسىي ھەۋىسى ئاجىزلاپ كېتىش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

(5) بەدىنىدە غەيرىي ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

كۆيدۈرۈپ چېكىش ئۇسۇلىنى قوللانغۇچىلاردا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقى ئارىلىقىدىكى تېرىنىڭ رەڭگى ئىسلىنىشىپ سارغىيىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.

تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ سالغۇچىلاردا بولسا، پۇت قولىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن قىسىملىرىدىكى قان تومۇرنى بويلاپ تېرىدە ئوكۇلدىن قېپقالغان يىڭنە ئىزى، سىزىق ۋە داغلار بولىدۇ، ھەتتا يۇقۇملانغانلىقتىن تېرىسى يېرىلىپ ئىششىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. نورغۇنلىرى باشقىلارنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن قورقۇپ، تومۇز يازدىمۇ كالتە يوپكا، كالتە ئىشتان ياكى قىسقا يەڭلىك كۆينەك كىيىشكە پېتىنالمايدۇ.

(6) بەزىدە يېنىدىن ۋە ياتىقىدىن زەھەر ياكى زەھەر چېكىش سايمانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

زەھەر چەككۈچىلەر يېنىغا ۋە زەھەر چېكىش سورۇنلىرىغا زەھەرنى ياكى زەھەر چېكىش سايمانلىرىنى، جۈملىدىن كىچىك بولاقلىق زەھەر، كۆيدۈرۈلۈپ سارغىيىپ كەتكەن فارفور قەغەز، فارفور قەغەزگە ئورالغان ئەپيۇن چىلىمى ياكى بىر قىسىم شپرىس قاتارلىقلارنى يوشۇرىدۇ. زەھەر چەككۈچىلەر يەنە ئۆز

ئالدىغا زەھەر تاشلاش ئۇچۇن زەھەر تاشلاتقۇزىدىغان بىر قىسىم دورىلارنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى ساقلايدۇ.

(7) دوست تۇتۇش دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

زەھەر چېكىش ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى، ئالدىشى ياكى كۇشكۇرتۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. شۇڭا، زەھەر چەككەندىن كېيىن كۆپ ھاللاردا بۇرۇن ئارىلاشقان دوستلىرىدىن يىراقلىشىپ، زەھەر چەككۇچىلەر بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئارىلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، دۇرۇس ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان ئەھۋاللار بارغانسېرى ئازىيىپ، يولدىن چىققان ئادەملەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسى بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، بۇنداق ئادەملەر بىلەن بىرگە بولغان چاغلاردا ھەمىشە تىمىسقىلاپ، سىرلىق، ئالدىراش يۈرىدىغانلىقىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

(8) بەزىدە ئۆلاردا زەھەردىن ئۇزۇلۇپ قېلىش ئىنكاسى كۆرۈلىدۇ.

زەھەر چەككۇچىلەر خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ، دەماللىققا زەھەر تاپالماي قالسا، ئۇلاردا زەھەردىن ئۇزۇلۇپ قېلىش ئىنكاسى كۆرۈلمەي قالمايدۇ. ئەڭ باشتا چۇشكۇرۇش، كۆزىدىن ياش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، تەرلەش قاتارلىق يۇقۇملۇق زۇكامغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئارقىدىن كۆزىنىڭ قارىچۇقى چوڭىيىپ كېتىدۇ (نۇردىن قورقىدۇ)، تىترەيدۇ، بەدىنىگە توخۇ ئەت چىقىپ كېتىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىپ

ياندۇرىدۇ، قورسىقى ئاغرىپ ئىچى سۈرىدۇ، مۇسكۇللىرى تارتىلىشىدۇ، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىدۇ، قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ ياكى خۇي پەيلى ئەسكىلەپ، ھەدېسىلا چېچىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، تىت ـ تىت بولىدۇ، خاتىرجەمسىزلىنىدۇ، روھىي كەيپىياتى ناچارلىشىدۇ، ھەتتا كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىدە بولىدۇ.

**3. مەكتەپلەر قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ زەھەر چېكىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ؟**

دۆلىتىمىزدە باللار ئادەتتە ئالتە ياش ئەتراپىدا مەكتەپكە كىرىدۇ، 20 نەچچە ياشتا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ، ئەگەر مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى باللار مائارىپىنى قوشقاندا، نۇرغۇن ئادەملەر پۈتكۈل ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئاساسەن مەكتەپتە ئۆتكۈزىدۇ، بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ تەسىرى ئائىلىنىڭ تەسىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى مەكتەپكە بەرگەندىن كېيىن، باللىرىنىڭ ۋەسىيلىك جاۋابكارلىقىنىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭلا مەلۇم مۇددەت مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ جەرياندا مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە، چوقۇم ئۇلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ مېڭىشقا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا زەھەر چېكىش قىلمىشى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا توسۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ زەھەر چېكىشىنىڭ

ئالدىنى ئېلىشتا مەكتەپلەرمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ.

1) ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس تەربىيىسىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

مەكتەپلەر «ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس تەربىيىسى» خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زەھەردىن يىراق تۇرۇشى، زەھەرگە قارشى تۇرۇشى، زەھەرنى رەت قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، «ئوقۇغۇچىلار زەھەر چەكمەسلىك، مەكتەپ ھويلىسىدا زەھەر بولماسلىق»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن «تۆت ئاڭ»نى تۇرغۇزۇپ، «ئۈچ مۇداپىئە لىنىيىسى»نى بەرپا قىلىشى كېرەك.

تۆت ئاڭ تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا نېمىنىڭ زەھەر ئىكەنلىكىنى، زەھەرنىڭ قانداق زىيىنى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ھاياتنى قەدىرلەپ، زەھەردىن يىراق تۇرۇش» ئېڭىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش.

ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك قوش بېقىندۇرۇشچانلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، خۇمار بولۇپ قالسىلا تەلتۆكۈس تاشلاشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى ئېنىق بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ «زەھەر چەككەندە ئاسان خۇمار بولۇپ، تەلتۆكۈس تاشلاش ناھايىتى تەس» دېيدىغان ئاڭنى پۇختا تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش.

ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئالاقىدار قانۇنلاردىن تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملاردىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىڭ «زەھەر چېكىش قانۇنغا خىلاپ، زەھەر ئېلىپ سېتىش جىنايەت» دەيدىغان ئاڭنى تۇرغۇ ـ زۇشىغا ياردەم بېرىش.

تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلارغا ھاياتنى قەدىرلەش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا ھاياتنى قەدىرلەشنىڭ يالغۇز ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، دۆلەتكە ۋە جەمئىيەتكىمۇ مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ھاياتنىڭ بىرلا قېتىم كېلىدىغانلىقىنى، ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ «مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭى»نى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش.

«ئۈچ مۇداپىئە لىنىيىسى» تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، پسىخىك مۇداپىئە لىنىيىسى

ئوقۇغۇچىلارغا ياردەملىشىپ، ياخشى پسىخىك پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، ۋاقىتنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىدىغان، زەھەر چېكىشنى مودا دەپ بىلىدىغان تونۇشلاردا قەتئىي بولمايدىغان، زەھەرنىڭ ئازدۇرۇ ـ شىغا تاقابىل تۇرۇپ، زەھەر چېكىشنى رەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش.

ئىككىنچى، ھەرىكەت مۇداپىئە لىنىيىسى

ئوقۇغۇچىلارغا ياردەملىشىپ ياخشى تۇرمۇش ئادىتى ۋە ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بېرىشقا بولمايدىغان

سورۇنلارغا، جۇملىدىن تانسىخانا، ئويۇنچۇقخانا، مەيخانا قاتارلىق جايلارغا بارمايدىغان، زەھەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش.

ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى مۇداپىئە لىنىيىسى

ئوقۇغۇچىلارغا ياردەملىشىپ، توغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشىنى تۇرغۇزۇش، ئۇلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، توختىماي ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە دوست تۇتۇش ئۆلچىمىنى توغرا ئىگىلەپ، تۇيۇق يولغا مېڭىپ قېلىشتىن، زەھەر دېڭىزىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش.

2) ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرنى مەنئى قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەش، ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش كېرەك.

ئومۇمىي خەلق زەھەر مەنئى قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەركەز ۋە يەرلىك ئالاقىدار تارماقلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر خىل ئاممىۋى خاراكتېرلىك زەھەرنى مەنئى قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشقا پائال تەشكىللىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ھەمدە ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇناسىپ پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرۇشى، پائالىيەت جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن باشقىلارغا تەشۋىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمۇ تەربىيە ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق زەھەرنى مەنئى قىلىش ئېڭى ۋە زەھەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم.

**4. زەھەر چەككۈچىلەر ئاتلىق ھالدا زەھەر تاشلىشى كېرەك**

زور كۆپ ساندىكى زەھەر چەككۈچىلەردە زەھەر بىلەن خوشلىشىش ئارزۇسى بولىدۇ، ئۇلار ئىلگىرىمۇ زەھەردىن قۇتۇلۇش يولىدا نۇرغۇن قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن; بىراق جەمئىيەت، ئائىلە، شەخس قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ زەھەر تاشلاش تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتكەن. ھەر قېتىملىق زەھەر تاشلاشتىكى مەغلۇبىيەت ئۇلارغا قاتتىق زەربە بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزىنى تېخىمۇ كەمسىتىپ، تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن، زەھەرنىڭ پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ قالغان. زەھەر چەككۈچىلەر قانداق قىلغاندا زەھەرنىڭ خۇمارىنى يوقىتىپ، زەھەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ؟

1) زەھەر تاشلاتقۇزۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان داۋالاشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك.

سىز بەختكە قارشى زەھەرنى يۇقتۇرۇۋالغان بولسىڭىز ياكى ئائىلىڭىزدىكىلەر بەختكە قارشى زەھەرنى يۇقتۇرۇۋالغان بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز تەشەببۇسكار بولۇپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش بويىچە داۋالاش ئورنىغا بېرىپ داۋالىنىشىڭىز، ياكى ئائىلىڭىزدىكىلەرنى شۇنداق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىڭىز لازىم. شۇ ئارقىلىق زەھەردىن فىزىئولوگىيە جەھەتتە قۇتۇلۇپ، پسىخىك جەھەتتىن ئوڭشىلىپ، زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر قانۇنلارنى ئۆگىنىپ، زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئىلمىي بولغان زەھەر تاشلاش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىپ، جەمئىيەتكە قايتىپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى بىر قاتار تەلىم -

تەربىيىنى تاماملىشىڭلار كېرەك.

2) زەھەرنىڭ زىيىنىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش لازىم.

زەھەر چېكىشنىڭ زىيىنىنى زەھەر چەككۈچىلەر ئۆزى ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، زەھەرنىڭ دەردىنى ئۇلار بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ قاتتىق ئازاب دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن زەھەر چەككۈچىلەر زەھەرنىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى تونۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئائىلىگە زور ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە جەمئىيەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يېتىشى كېرەك.

3) مۇستەھكەم بولغان زەھەر تاشلاش ئېتىقادىنى تىكلەش لازىم.

زەھەرنى تاشلاش ھەم ئۇنىڭ خۇمارىنى يوقىتىش ئىنتايىن قىيىن، خەلقئارا جەمئىيەتتىمۇ ھازىرغا قەدەر زەھەرنىڭ پسىخىك جەھەتتىن بېقىندۇرۇشچانلىقىنى ھەل قىلىدىغان بىرەر ياخشى چارە تېخى يوق، زەھەر خۇمارىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىدىغان بىرەر «شىپالىق دورا» تېخىمۇ يوق. زەھەر چەككۈچىلەر زەھەر بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولىمەن دەيدىكەن، چوقۇم مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە قەيسەر ئىرادە تىكلىشى كېرەك.

4) بۇرۇنقى زەھەر چېكىش مۇھىتىدىن قۇتۇلۇش لازىم.

زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋەزىپە قايتا زەھەر چېكىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىشتۇر. نۇرغۇن ئادەملەر زەھەرنى تاشلىغاندىن كېيىن، مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ناھايىتى تېزلا يەنە قايتا چېكىپ كېتىدۇ، ئۇلار جەمئىيەتكە قايتقاندىن كېيىن بۇرۇنقى «بەڭگى

دوستلىرى»نىڭ «نەسىھەتى» ۋە زەھەرنى پارچە ئېلىپ ساتقۇ- چىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن، قايتا چېكىش يولىغا تېزلا مېڭىپ قالىدۇ. مۇھىتنىڭ كىشىلەرگە ۋە زەھەر چەككۈچىلەرگە بولغان تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، زەھەر چەككۈچىلەر زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىدىن چىققاندىن كېيىن، بۇرۇنقى «بەڭگى دوستلىرى» بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈپ، ئىلگىرى دائىم كىرىپ چىقىپ يۈرگەن زەھەر چېكىش سورۇنلىرى بىلەن خوشلىشىشى كېرەك.

5) جەمئىيەتتىكى كەمسىتىشلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

دۆلىتىمىز قانۇنىدا زەھەر چەككۈچىلەر مەكتەپكە كىرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتلەردە كەمسىتىلمەيدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بىراق ئەمەلىي تۇرمۇشتا بەزىلەر زەھەر چەككۈچى- لەرنى يەنىلا كەمسىتىش پسىخىكىسىدا بولغانلىقتىن، زەھەر چەككەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان، زەھەر چەككەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالماي- دىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. زەھەر چەككۈچىلەر بۇنىڭغا روھىي تەييارلىقتا بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ كەمسىتىشىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل كەمسىتىشكە قارىتا ئۆزىنىڭ زەھەر بىلەن تەلتۆكۈس ئادا - جۇدا بولۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇپ، جەمئى- يەتنىڭ ھۆرمىتىگە قايتىدىن ئېرىشىشى كېرەك.

**5. يۇقىرىلار زەھەرنى مەنئى قىلىش كۈرىشىگە پائال قاتنى- شىشى لازىم**

1) زەھەر مەنئى قىلىش پىدائىيلىرىدىن بولۇش كېرەك.
دۆلەت زەھەر مەنئى قىلىش پىدائىيلىرى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، پۇقرالارنى زەھەرنى مەنئى قىلىش پىدائىيلىرىدىن بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتىنى كۆيۈنۈپ ئىشلەيدىغان، زەھەر مەنئى قىلىش پىدائىيلىرى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان، ھەر يىلى زەھەر مەنئى قىلىش پىدائىيلىرى مۇلازىمىتىگە 48 سائەتتىن ئارتۇق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشالايدىغان، يېشى 18 ياشتىن ئاشقان پۇقرالار زەھەر مەنئى قىلىش پىدائىيسى بولۇشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى زەھەرنى مەنئى قىلىش پىدائىيلىرى تەشكىلاتىغا ئىلتىماس سۇنىدۇ، ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغان زەھەرنى مەنئى قىلىش پىدائىيلىرى تەشكىلاتى ئۇنى قوبۇل قىلىش تىپى ۋە چارىسىگە ئاساسەن پىدائىيلىققا قوبۇل قىلىدۇ. قوبۇل قىلىنغان پىدائىيغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلىدۇ. زەھەرنى مەنئى قىلىش پىدائىيلىرى ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئامما ئارىسىدىن كېلىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىشتا چىڭ تۇرۇشى، زەھەرنى مەنئى قىلىش تەشۋىقاتى ۋە زەھەر چەككۈچىلەرگە ياردەم، تەربىيە بېرىش خىزمىتى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلۇشى، شۇ ئارقىلىق پۇقرالارغا زەھەر مەنئى قىلىش پىدائىيلىرى مۇلازىمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ھېس قىلدۇرۇشى لازىم.
2) زەھەر مەنئى قىلىش تەشۋىقاتى پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىش كېرەك.

زەھەر مەنئى قىلىش خىزمىتى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچە-
گە زىچ تايىنىش ئارقىلىق ئورتاق ئورۇندايدىغان خىزمەت. شۇڭا،
ھەر بىر پۇقرا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى دەپ
قاراپ، زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتىگە پائال ۋە تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك. ئىشنى ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ
ئائىلىسىدىن باشلاپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئىمكانقەدەر ئاكتىپ
قاتنىشىشى، زەھەر مەنئى قىلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ،
زەھەر مەنئى قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، زەھەر مەنئى
قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىشى، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋال
ئاستىدا زەھەر مەنئى قىلىش تەشۋىقاتى ۋە زەھەر تاشلىغۇچىلارغا
ياردەم تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى بىۋاستە ئىشلىشى لازىم.
3) ئەتراپىدىكى زەھەر چەككۈچىلەرگە سەمىمىي ياردەم
بېرىش كېرەك.
زەھەر چېكىش قانۇنغا خىلاپ قىلمىش، شۇنداقلا تەكرار
قوزغىلىدىغان بىر خىل مېڭە كېسەللىكى، دۆلەتنىڭ قانۇنىدا
زەھەر چېكىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئىكەنلىكى بەلگە-
لەنگەن، شۇڭا زەھەر چەككۈچىلەر جەزمەن ئۇنى تاشلىشى
كېرەك، بىزمۇ زەھەر چەككۈچىلەرنى زەھەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچرىغۇچىلار، بىمارلار ئورنىدا كۆرۈپ، ئەتراپىمىزدىكى زەھەر
چەككۈچىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز،
ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكىمىز لازىم. زەھەر چېكىشنىڭ قاتتىق
يۇقتۇرۇشچانلىقى ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز كېرەك، يۇقۇش
مەنبەسىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز، دوست -
بۇرادەرلىرىمىز ياكى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئىچىدە زەھەر

چەككۈچىلەر بايقالغان ھامان، بىر تەرەپتىن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ چېتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاقىدار تارماقلارغا پائال مەلۇم قىلىشىمىز، ئۇلارغا «زەھەر چېكىشنى تاشلاش تەس، لېكىن تاشلىغىلى بولىدۇ» دېگەننىڭ قائىدىسىنى تولۇق تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ زەھەرنى تەلتۆ-كۈس تاشلاش ئىشەنچىنى تىكلىشىگە ئىلھام بېرىپ، زەھەر تاشلاپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتكە قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش دائىرىمىز ئىچىدە زەھەر مەنئى قىلىش تەشۋىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھاياتنى قەدىرلەپ، زەھەردىن يىراق تۇرۇشنى ئورتاق ئىشقا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

4) زەھەر بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىش كېرەك.

زەھەر چېكىش، ئىستېمال قىلىش ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىش بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ئېغىر ھالدا بۇزىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ھەربىر پۇقرا زەھەر بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى بايقىغاندا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىغا ۋاقتىدا پاش قىلىشى، زەھەرنى مەنئى قىلىش كۈرەشىگە پائال ئاتلىنىپ، زەھەر بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي ۋە باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشى لازىم.

# ئۈچىنچى باب ئەيدىز كېسەللىكى ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە دائىر سەرگۈزەشت ۋە بايانلار

## 1 § . ئەيدىز كېسەللىكىگە دائىر سەرگۈزەشت ۋە بايانلار

قۇمۇلدىكى ئۈچ نەپەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇ-چىنىڭ ھېكايىسى

تۆۋەندىكى پارچىلار قۇمۇلدىكى ئۈچ نەپەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ قىسقىچە ھېكايىسى بولۇپ، بۇ بەختسىز كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشى ۋە غەمخورلۇقىغا موھتاج، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ قاباھەتلىك قىسمەتلىرى جەمئىيىتىمىز-دىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك سىگنالدۇر.

1) ئەرنىڭ زەھەر چېكىپ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملى-نىشى بىگۇناھ ئايالنى بالاغا قويىدى

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئايال A ئەنە شۇنداق ئېرىدىن يۇقۇملانغان بەختسىزلەرنىڭ بىرى. 2001 ـ يىلى ئۇزاق مەزگىل زەھەر چەككەن B سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان دەپ دىئاگنوز قويۇلغان بولۇپ، ئۇ يەنە زەھەر چېكىش سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن مەھرۇم قالغان.

جەننەت كەبى گۈزەل ۋە ساپ ھاۋالىق سەھرادا ئۆسۈپ چوڭ بولغان قىز A ئەمەلىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر ھالدا 2000 ـ يىلى يىل بېشىدا B گە ياتلىق بولىدۇ. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، ئۇ ئېرىنىڭ تەسىرى بىلەن زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ھامىلىدار بولىدۇ، كېيىن تۇغۇلغۇسى پەرزەنتىنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھامىلىدار بولۇپ، يەتتە ئايدىن كېيىن سۇنئىي ئۇسۇلدا ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئايال A ئەيدىز ۋىرۇ-سى بىلەن يۇقۇملانغان ئېرى بىلەن ھېچقانداق مۇداپىئە تەدبىرى قوللانمىغان ئەھۋالدا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىكەن، بىراق ئۇ تا ھازىرغىچە ئېرىنىڭ ئەيدىز كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، مۇشۇنداق قاباھەتلىك قىسمەتنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇپ قالغان.

2) شىنجاڭدىكى تۇنجى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى قۇمۇلدا بايقالدى.

1995 – يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى قۇمۇلدا بايقالغان بولۇپ، بۇ ھەم پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ تۇنجىسى ئىكەن.

بۇ تۇنجى بەختسىز كىشى خېنەندىن قۇمۇلغا كەلگەن ئىشلەمچى بولۇپ، بىر كەسپىي قان ساتقۇچى ئىكەن. ئەينى چاغدا قان بېرىش تۈزۈمى ئانچە مۇكەممەللەشمىگەن ئەھۋالدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نۇرغۇن كەسپىي قان ساتقۇ-چىلار بار بولۇپ، ئەر C ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ بىر

قېتىملىق قان تەكشۈرتكەندە قان پونكىتى ئۇنىڭ قان رايىنىڭ بىنورماللىقىنى بايقايدۇ، قايتا قان تەكشۈرتكەندە ئۇنىڭ قان رايى مۇسبەت بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قان ئەۋرىشكىسى دەرھال ۋىلايەتلىك جىنسىي كېسەل ۋە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزىگە ئېلىپ بېرىلىپ تەكشۈرۈلىدۇ، نەتىجىدە قان رايى ئوخشاشلا مۇسبەت بولۇپ چىقىدۇ. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئەر C نىڭ قان ئەۋرىشكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى ئارقىلىق شاڭخەيگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلغار تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئەينى چاغدا كىشىلەر ئەيدىز كېسەللىكىگە نىسبەتەن يېرىم - يارتا چۈشەنچىگە ئىگە بولغاچقا، ئاڭلاش بىلەنلا قورقۇنچتىن رەڭگى ئۆڭۈپ كېتەتتى. ئەر C نىڭ ئۇنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر دەرھال ئۇنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، باشقا ھەرقانداق كىشى بىلەن ئۇچراشتۇرمايدۇ. بىر دوختۇر مەخسۇس ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولۇپ، باشقىلارنى ئۇنىڭغا قەتئىي يېقىن يولاتمايدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەر C ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلىدۇ. بىراق كىشىلەرنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىگە بولغان قورقۇش روھىي ھالىتى پەسەيمىگەن بولغاچقا، كىشىلەر ئەر C تۇرغان ئۆينىڭ سۇۋاقلىرىنى قىرقىۋېتىپ، باشقىدىن ئاقارتىپ چىقىدۇ.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تەرەققىيات ۋاقىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ بەلكىم بۇ يوروق دۇنيا بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

3) ئۇ باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان.

ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن گۈزەل قىزچاق D ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل، دەرستە تىرىشچان قىز بولۇپ، جاھاندا بۇ قەدەر ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

ئۇ باشقا يۇرتتا ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى نومۇسسىز بىر ئەرنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇ قەلبىدىكى ئېيتقۇسىز ئازابىنى ئاستا ـ ئاستا زورىغا بېسىپ، ئۇ قاباھەتلىك چۈشنى ئۇنتۇشقا باشلىغان. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىنىڭ ئاشۇ كېچىگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق قان تەكشۈرۈشتە ئۇ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى بولۇپ چىققان، بىراق قىزچاق D زەھەر چەكمىگەن، قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت-تىمۇ بولمىغان، كەلسە ـ كەلمەس قان بېرىش تارىخىمۇ بولمى-غان، ئۇنىڭ يىگىتىمۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانمىغان بولۇپ چىققان، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى-دىمۇ بىنورماللىق كۆرۈلمىگەن. يۇقىرىقى بارلىق ئېھتىماللىقلار نەزەردىن ساقىت قىلىنغاندىن كېيىن، بىردىنبىر گۇمانىي نۇقتا ئۇنىڭ ئاشۇ كېچىدىكى قاباھەتلىك چۈشىگە مەركەزلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئاچچىق بىر قىسمەتنى ئۇنتۇلغىلى تۇرغان قىزچاق D نىڭ كونا قەلب جاراھىتى قوزغىلىپ، تېخىمۇ ئازابلىق قىسمەتكە دۇچ كەلگەن. ئاخىرى ئۇ يەنە بىر قېتىم قاباھەتلىك روھىي ئازابتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە كۆيۈپ پىشىپ يۈرگەن يىگىتى بىلەن توي قىلغان. ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى يىگىتىدىن

يوشۇرغان. توي قىلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۇ ناھايىتى ئوماق بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئانىدىن بوۋاققا يۇقۇش ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئۈچىنچى خىل يۇقۇش يولى بولۇپ، بەلكى بۇ بەختسىز بوۋاق تۇغما ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى بولۇشى مۇمكىن.

## 2 § . زەھەر چېكىشكە دائىر كەچۈرمىشلەر

**1. يېڭى تېپتىكى زەھەرنى بىلمەسلىكتىن چېكىپ قېلىش**

ۋۇخەن، ئەر، 17 ياش، چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى بىر ساۋاقدىشى ئۇنى مەلۇم بىر دىسكوخانىغا باشلاپ بارغان، دىسكوخانىدا ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك نۇرغۇن ئوغۇل - قىزلارنىڭ خۇددى ساراڭدەك ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى قىزىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى گىلدىڭلاتقۇ يېگەچكە، مۇشۇنداق يايراپ ئوينايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ھەيران بولۇپ، گىلدىڭلاتقۇ دېگەن زەھەر ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ساۋاقدىشى گىلدىڭلاتقۇ زەھەر ئەمەس، ئۇنى يېسە بەك راھەتلىنىپ كېتىدۇ دېگەن. ئۇ سەل گۇمان قىلىپ، بىر تال يېگەن، نەتىجىدە، دەرۋەقە ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، بەدەنلىرىنى تولغاپ، تەرگە چۆمۈلگىچە ئويىنىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دائىم سەۋەب كۆرسىتىپ بۇ يەرگە كېلىپ، گىلدىڭلاتقۇنى يەۋېلىپ، قانغۇچە ئويناپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ تېنىنىڭ

ئاجىزلىشىپ، بېشى ئايلىنىپ، قولىقى غوڭۇلداپ، ئەستە قالدۇ-رۇش ئىقتىدارى چېكىنىپ، زېھنى كۆچى جەھەتتە توسالغۇ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوقۇشنى توختىتىپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىشقا مەجبۇر بولغان.

**2. قىزىقىش ۋە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىن زەھەر چېكىش**

دۇ يۈمېي، ئايال، 36 ياش.

مەن ئەسلىدىنلا بىر تىرىشچان ئايال بولۇپ، تولۇق ئوتتۇ-رىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تەڭ دېمەتلىك قىزلارنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرۈپ، بەش يىل ئەسكەر بولدۇم. كەسىپ ئالماشقاندىن كېيىن بىر ئوبدان خىزمەتكە ئېرىشتىم. ئەمما مەن يەنىلا قانائەت قىلماي، مائاشىمنى توختىتىپ، خىزمىتىمنى ساقلاپ قېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللاندىم. بىر نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ، 26 ياشقا كىرمەيلا بىر مىليونغا يېقىن پۇل تاپتىم. بىراق بىر ئادد-شىپلا ھەش ـ پەش دېگۈچە تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن.

1995 – يىلى باھاردا، ئۇزۇن يىللىق بىر سودىگەر دوستۇم شېنجېندىن كەلدى. بىز تيەنتەن مېھمانخانىسىدا ئۇچراشتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا مەن ئۇنىڭ بىر كىچىك بولاق ئاق تالقاننى قەلەي قەغەزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قىزىتىپ، ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈننى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ چاغدا مەن بۇ نەرسىنىڭ خېروئىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ھەم ئۇنىڭ ئادەمنى زەھەرلەيدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان. بۇنداق سورۇننى بىرنەچچە قېتىم كۆرۈش بىلەن قەلبىمدە توساتتىن بىر خىل كۈچلۈك

قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. بۇ نەرسىنىڭ ئىچىدە نېمىشقا بۇنداق سېھرىي كۈچى باردۇ؟ نېمىشقا ئۇنچە كۆپ ئادەملەر بۇنى دەپ ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلىپ، بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندۇ؟ چەكسە زادى قانداق تۇيغۇ بولىدىغاندۇ؟ دېگەن خىياللار كاللامغا كىرىۋېلىپ، ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بىرىنچى قېتىمنى چېكىپ سالدىم.

بىرىنچى قېتىم چەككەندىن كېيىن، ئىچ باغرىمدىكى ھەممە نەرسىنى قوشۇپ ياندۇرۇۋەتتىم، دوستلىرىم بۇنى كۆرۈپ، ھېچ ۋەقەسى يوق، بىرىنچى قېتىم چەككەندىن كېيىن ئاندىن ئوبدان تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ دېدى. بۇنىڭ بىلەن مەن يەنە بىرنەچچە قېتىم چەكتىم، ئەمما مەن بىرەر ياخشى تۇيغۇنىڭ بېشارىتىنى ھېس قىلالمىدىم، ئەكسىچە مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. بىر مىليونغا يېقىن مەبلىغىمنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چېكىپ تۈگەتتىم، ئۈچ جايدىكى دۇكىنىمنىڭ ئىككىسىنى رەنىگە قويدۇم. مېنى ياخشى كۆرىدىغان يولدىشىم ھەر خىل بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ، خىزمىتىنى تاشلىۋېتىپ، ماڭا ھەمراھ بولدى ۋە سىرتلارغا ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇرۇپ، زەھەرنى تاشلىشىمغا ياردەم قىلدى. يولدىشىم ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن مەن بىرىنچى قېتىم زەھەرنى تاشلىدىم ھەم بىر ئوغۇل باللىق بولدۇم. بىراق بىر يىلغا بارا ـ بارمايلا يەنە قايتا چېكىشكە باشلىدىم ھەمدە بۇ قېتىمقى چېكىشىم بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر بولدى. بىرنەچچە ئايلىق بولغان بالامنىڭ يىغلاپ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرساممۇ، يەنىلا چېكىۋېلىپ ئاندىن بالىغا قارايدىغان بولۇپ قالدىم. ئىشتىن كېيىن شۇنچە پۇشايمان قىلساممۇ، ئورنىغا كەلمىدى، خۇمارىم تۇتقاندا روھىي

جىسمىمغا چاڭگال سالىدىغان ئازاب مېنى يەنە ۋەدەمنى يەردە قويۇشقا قىستاۋەردى. شۇنداق قىلىپ مەن ئەتىگەن تۇرۇپ كەچ يېتىپ يىغقان بىر مىليوندىن ئارتۇق پۇل ـ مېلىم بىلەن يولدىشىمنىڭ قان ـ تەر سىڭدۈرۈپ تاپقان مائاشىنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ تۈگىتىۋەتتىم.

**3. زەھەرنىڭ يۆلىنىۋېلىشچانلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەسلىك، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىشتىن زەھەرگە خۇمار بولۇش**

ۋېي شيۇجيې، ئايال، 26 ياش، مەلۇم داڭلىق تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ تىرىشچان، ئەقىللىق قىز بولۇپ، كەسىپنى قەدىرلەش روھى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ نۇرغۇن زەھەر تاشلىغۇچىلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ زەھەرنى قايتا چەككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى تىتىلداپ كېتىدۇ ۋە قەيسەر ئىرادە بولسىلا زەھەر خۇمارىنى چوقۇم يەڭگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەرگە زەھەر تاشلاشقا كەلگەنلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، تەجرىبە خاراكتېرلىك خېروئىن چېكىدۇ، ئىش ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، بىر قېتىم سىناق قىلىپ چېكىش بىلەنلا خۇمار بولۇپ قالىدۇ، كېيىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى تاشلىيالمايدۇ. ئاخىرى ئەر ـ خوتۇن نىكاھتىن ئاجرىشىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىدۇ، ئائىلە مال ـ مۈلكىنى چېكىپ تۈگىتىدۇ، زەھەر خىراجىتىنى غەملەش ئۈچۈن، ئامال قىلالماي، ئۆزىنىڭ نومۇسىنى سېتىشقا باشلايدۇ.

**4. راھەت ـ پاراغەتنى كۆزلەش، زەھەر چېكىشنى مودا دەپ قاراشتىن زەھەرگە خۇمار بولۇش**

جاڭ ياتوڭ، ئەر، 32 ياش. مەن 18 ياشتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش توغرىسىدىكى نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، ئۆي ـ زېمىن سودىسى بىلەن شۇغۇللاندىم. كاللام ئىشلىگەچكە، يولۇم كەڭرى بولغاچقا، سودا دېڭىزىغا كىرىپلا، بىلىق سۇغا ئېرىشكەندەك ئىشىم ئوڭغا تارتىپ، ئۈچ يىلغا بارمايلا ئۈچ مىليون يۈەنلىك بولۇپ قالدىم، ئارقىدىنلا تۆت شىركەت قۇرۇپ، 90 دىن ئارتۇق ئادەمنى يالـلاپ ئىشلىتىپ، سەككىز ماشىنا سېتىۋالدىم، يىللىق ساپ پايدام ئىككى مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. مەن تەبىئىتىمدىنلا پىخسىق ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمايتتىم، ئۆزۈمنىڭ ھەم پۇل تاپالايدىغان، ھەم تاپقان پۇلنى خەجلىيەلەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. دوستلىرىم كۆپ بولغاچقا، پۇلنى سۇدەك خەجلىدىم، داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى ئاڭلىساملا دەرھال ئېلىپ كىيدىم. قايسى مەيخانىنىڭ ئالاھىدە تاماقلىرى بولسا، دوستلىرىمنى باشلاپ بېرىپ تېتىپ باقتىم، دىسكوخانا، KTV ، گولف توپ مەيدانلىرىغا دائىم دېگۈدەك بېرىپ تۇردۇم. مۇشۇنداق بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلەپمۇ پۇلدىن قىسىلىپ باققىنىمنى ھېس قىلمىدىم، ئاخىرى ئويلىمىغان يەردىن زەھەرنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا چوڭ شەھەرلەردە زەھەر چېكىش ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن ئىدى، بىر دوستۇم ماڭا: ھازىر ئەڭ مودا بولۇۋاتقىنى خېروئىن چېكىش، سەن سىناپ بېقىشقا پېتىنالامسەن؟ دېدى، مەن پېتىنالمىغۇدەك نېمىسى بار، ئالتۇندىن قىممەترەك نەرسە

ئىكەنغۇ دېدىم ـ دە چېكىپ كەتتىم. بىراق چەككەندىن كېيىن تاشلىۋېتىشنى كۆرمىلىك قېتىم ئويلىغان بولسامۇ تاشلىيال ـ مىدىم، قىزىتىپ شوراشتىن تارتىپ بەدەنگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشقىچە ھەممىنى قىلدىم. بەدەنلىرىممۇ ئورۇقلاپ، سامان كەبى سارغايدى، ئىشلىرىممۇ يۇرۇشمەي، شىركەتلىرىم تاقالدى، ماشىنىلارنى بىر ـ بىرلەپ سېتىپ يوقاتتىم، مەبلىغىمنى ئاز ـ ئازدىن خەجلەپ تۈگەتتىم. مەن بەش قېتىم زەھەر تاشلىدىم، چىداپ تۇرالماي يەنە بەش قېتىم زەھەر چەكتىم.

### 5. پىسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىش

لىن فېي، ئەر 22 ياش. ئۇ ئەسلىدە ئەقىللىق، تىرىشچان بالا بولۇپ، باشلانغۇچتىن تارتىپ تولۇقسىز ئوتتۇرىغىچە ئىزچىل ھالدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى بولۇپ كەلگەن. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، تېخىمۇ باش چۆكۈرۈپ ئۆگەنگەن ھەمدە ئۆز كۆڭلىدە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى بېيجىڭ ئۇنى ـ ۋېرسىتېتىنىڭ بىرسىدە ئوقۇمىسام، باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇ ـ مايمەن دەپ ئىرادە باغلىغان. تولۇق ئىككىنچى يىللىقنىڭ بىر قېتىملىق ئىمتىھانىدا ئۇ كەتكۈزۈپ قويۇپ، ماتېماتىكىدا سىنىپ بويىچە ئۈچىنچى بولۇپ قېلىپ، ئىككى ساۋاقدىشىنىڭ كەينىدە قالغان. بۇ ئىش لىن فېيغا ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق زەربە بولغان. ئۇ نومۇس قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەپ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ، روھىي كەيپىياتى بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن نەتىجە ـ

سىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپ، گېپىنى ئەگىتىپ بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتامسەن دەپ سورىغان. بۇ گەپلەر ئەسلىدىنلا مىجەزى جىمغۇر بۇ بالىغا ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك قاتتىق ھار كەلگەن. بىر مەزگىللىك چۈشكۈنلۈكتىن كېيىن، ئۇ شان ـ شەرەپنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىگە كەلگەن. مەۋسۇملۇق ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدا بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆچۈرمىچىلىك قىلغان، دەل شۇ بىر قېتىملىق كۆچۈرۈشتە، قېرىشقاندەك بۇ ئىش كومىسسىيە ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆزىنى تەكشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىشىپ كەتكەن. ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ غەلىتە قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ مەكتەپتىن قاچىدىغان بولغان ۋە بارا ـ بارا تاماكا چېكىشنى ئۆگەنگەن. دەل شۇ چاغدا ئۇ تولۇقسىزدىكى بىر ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا «غەمخورلۇق» قىلىپ، بىر قاپ تاماكىنى بەرگەن ھەمدە بۇ ئالاھىدە تاماكا، چەكسە ئادەمنى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىدۇ دېگەن، ئۇ ئىچى پۇشۇپ تۇرغاندا، ھېچنېمىگە قارىماي تاماكىنى ئېلىپلا چېكىشكە باشلىغان. نەتىجىدە ئاشۇ بىر قاپ تاماكىنى چېكىپ بولغۇچە زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغان. ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشنى بايقاپ، ئۇنى زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا ئېلىپ بارغاندا، ئۇ ئاللىقاچان كېچىككەن. زەھەرنىڭ كۈچلۈك ئازدۇرۇشى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى ئۇنى زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا بىر نەچچە قېتىم ئېلىپ بارغان، ئاخىرى ئۇ بۇلاڭچىلىق

جىنايىتى بىلەن تۇرمىگە كىرگەن.

**6. ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن پەرزەنتلىرى زەھەر چەككەن**

چېڭ لىنا، ئايال، 23 ياش.

مەن بىر باياشات ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى. مەن ئەسلىدە بەختلىك بولۇشۇم كېرەك ئىدى. بىراق ئەمدىلا بىر نەرسىنى بىلگۈدەك بولغان چېغىمدا، دادام باشقا بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، تېنى ئاجىز، كېسەلچان ئانام بىلەن مېنى تاشلىۋېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئانام ئالەمدىن ئۆتتى. بوۋام بىلەن مومام ماڭا شۇنچە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ دۇنيا ماڭا ئادىل مۇئامىلە قىلمىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. ئۇلار ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ، زادىلا ئوقۇغۇم كەلمەي، ئاخىرى بىر ئوغۇل بالىنى دوست تۇتۇپ، بارلىق مېھرى - مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا ئاتىدىم. بىراق ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىم ئۇزۇنغا بارمىدى، دەسلەپتە ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى قەدىرلىمەي، مېنى ئەخمەق قىلغىلى تۇردى، كېيىنچە بارا - بارا ئۇرۇش - جېدەلىمىز تۈگىمەي، ئاخىرى ئايرىلىپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنياغا تېخىمۇ غەزىپىم كەلدى، نېمىشقا بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلار مېنىڭ بېشىمغىلا كېلىدىغاندۇ دەپ ئويلايدىغان بولدۇم. دەل شۇ چاغدا كىچىكىمدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان بىر دوستۇم مېنى يوقلاپ كېلىپ، مەن ساڭا ئەڭ ياخشى بىر دورا ئېلىپ كەلدىم، سىنىڭ ئىچ پۇشۇق - قوڭنى چىقىرىدۇ، دەپ بىر نەرسىنى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن زەھەر بىلەن ئۆزۈمنىڭ روھىنى مەست قىلىشقا باشلىدىم.

زەھەر چېكىش ئۇچۇن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بوۋامنى ئالداپ، باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ سودا قىلىۋاتىمەن، دەپ ئائىلىدىكى بىر يورۇش ئۆينى سېتىۋەتتىم. بوۋام مېنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ مېنى كۆپ قېتىم زەھەر تاشلاش ئورنىغا ئېلىپ باردى، ئەمما مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوخشاشلا چېكىۋەردىم. مومام زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، يېرىم پالەچ ھالدا كۈن بويى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلدى. مەن بوۋام بىلەن مومامغا «مەن بىلەن چاتىقىڭلار بولمىسۇن، مەن چەككەنچە چېكىپ تۈگىشىپ كېتەي» دېسەم، بوۋام چىدىماي، ئالدىمغا تىزلىنىپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم زەھەر تاشلىشىمنى ئۆتۈندى. بۇ قېتىم زەھەر تاشلىغاندىن كېيىن، بوۋام خاتىرجەم بولالماي، مېنى يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، يېرىم يىلدەك تۇرغۇزدى، كېيىن يەنە جىنايى ئىشلار ساقچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان تاغامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېپىپ ئوينايدىغان توپقا ئوخشاش ھېس قىلىپ، كۆڭلۈمدە بەكمۇ نارازى بولدۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى زەھەر چېكىۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىشلىرىدىن تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال يەنە چېكىشكە باشلىدىم، مەن ئۇدۇل كەلگەن يەردىن پۇل قەرز ئېلىپ زەھەر چەكتىم، تاغام قەرزىمنى تۆلەپ بولالماي، غەزىپى كېلىپ مېنى ئۇردى. مەن خالىغانچە تاشلىۋېتىلىدىغان ئەسكى ـ تۇسكىگە ئوخشاش قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈردۈم. كېيىن ئائىلىمىزدىكى يەنە بىر يورۇش ئۆينى سېتىۋېتىپ زەھەر سېتىۋالماقچى بولغاندا، تۇتۇلۇپ قېلىپ، زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا كىرىپ قالدىم.

**7. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، پەرزەنتلىرى زەھەرگە ئۆگىنىپ قالغان**

بەي مياۋمياۋ، ئايال، 22 ياش.

دادام كىرا ماشىنىسى ھەيدەيدۇ، ئانام بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىدا ئىشلەيدۇ. دادام ماشىنا ھەيدەشتىن بىكار بولسىلا، باشقىلار بىلەن ماجاڭ ئوينايدۇ، ئانام ئىشتىن چۈشۈپلا تانىسخانىغا تانسا ئوينىغىلى بېرىۋالىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئۆينىڭ ئاچقۇچى بوينۇمغا ئېسىلغان بولۇپ، مەكتەپكە بېرىش، ئۆيگە قايتىش، تاماق يېيىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلىپ كەلگەن، دادام، ئانام ئەزەلدىن ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغان، تېخى مېنى قوشنىلارغا غەرەز ئۇقىدۇ دەپ ماختاپ بېرەتتى. مەن دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن غەرەز ئۇقىدىغان قىز بالا بولۇپ، يىقىلىپ چۈشسەم، يىغلاپ قويۇپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم، قورسىقىم ئاچسا، ئۆزۈم ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر نېمە قىلىپ قورساق تويغۇزاتتىم، تاپشۇرۇق ئىشلەشتە قىيىن سوئالغا ئۇچراپ قالسا، ساۋاقداشلىرىمغا تېلېفون بېرىپ سورايتتىم. باشلانغۇچتىن تارتىپ تولۇقسىزنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغىچە نەتىجەم ئىزچىل ھالدا ياخشى ئىدى. تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىققا چىققاندا، سىنىپتىكى بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بىر دانە باغاقچىنى ماڭا بەردى، بۇنى قېرىنداشلىق ئوقۇتقۇچى كۆرۈپ قېلىپ، كىچىك تۇرۇپ مۇھەببەتلىشىپسەن دەپ پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا مېنى تەنقىد قىلدى ھەمدە بۇنى ئاتا ـ ئانامغا ئېيتتى. شۇ چاغدا ئانام مېنى بىرىنچى قېتىم باشقۇرۇپ، بىر تەرەپتىن سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن چېچىمنى تارتىپ ئاياغنىڭ چەمى بىلەن ئۇرۇپ، بەدد-

نىمنىڭ ھەممە يېرىنى كۆكەرتىۋەتتى. مەن ھەم نومۇس قىلىپ ئازابلاندىم، ھەم تاياقنىڭ دەردىنى تارتتىم، كۆڭلۇم ئازار يېدى، شۇنىڭ بىلەن قاتتىق يامغۇرغا قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. شۇ ئاخشىمى يامغۇردا قېلىپ، قىزىتمام ئۆرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيگە قايتقۇم كەلمەي، بىر قىز ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئاتا - ئانام ئىزدەپمۇ قويمىدى. كۆڭلۇم شۇنداق يېرىم بولدى. ئۇرغان يەرلەر ئاغرىپ چىداشلىق بېرەلمىدىم، ساۋاقدىشىم دوختۇرغا ئاپىراي دەپ خېلى گەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن قەتئىي بارغىلى ئۇنىمىدىم. ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى كەلگەن بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئامالىم بار دەپ سىرتتىن بىر بولاق ئاق پاراشوكنى ئېلىپ كىرىپ ماڭا چەكتۈردى، چەككەندىن كېيىن دەرۋەقە ئاغرىق توختىدى، كېيىن مەن ئۇنىڭ خېروئىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئەسلىدە ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچى خېلى بۇرۇنلا زەھەر چېكىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن مەكتەپتىن قاچىدىغان، ئۆيدىكى پۇلنى ئوغرىلاپ زەھەر چېكىدىغان، دىسكوخانىغا قاترايدىغان بولدۇم. كېيىنچە بىراقلا ئوقۇشنى تاشلاپ، بىر توپ چېكەرمەنلەر بىلەن بىرگە يۈرۈپ، ئاخىرى تۇتۇلۇپ، زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا كىرىپ قالدىم.

**8. ئائىلە تەربىيىسى لايىقىدا بولمىغاچقا، پەرزەنتلىرىدە بىزار بولۇش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ، زەھەر چەككەن**

جياڭ ئاباۋ، ئەر، 25 ياش.

مەن شاڭخەيدە تۇغۇلغان، ئاتا - ئانام ماڭا ئىنتايىن ئامراق بولسىمۇ، ئەمما مېنى بەك قاتتىق باشقۇراتتى، ئازراق سەۋەنلىك

ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇ ئادەم مېنى قوغلىۋېتىدۇ دېمەيمەن، شۇ ۋەجىدىن قەلبىمگە ئاداۋەت تولۇپ كەتكەن بولۇپ، سەل چوڭ بولۇپلا ئاتا ـ ئانام بىلەن قارشىلىشىدىغان بولدۇم. ئاتا ـ ئانام ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى مەن قەستەنگە ياخشى كۆردۈم، ئاتا ـ ئانام بارغىلى قويمىغان يەرگە مەن قەستەن باردىم، ئاتا ـ ئانام قىلما دېگەن ئىشنى مەن ئوغرىلىقچە قىلدىم. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن كۆڭۈلمۇمدىكىدەك بىر خىزمەت تېپىپ، بىر شىركەتنىڭ دېسكوخانىسىدا تىجارەتكە مەسئۇل باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىدىم. ياتىقىمنى شىركەتكە يۆتكەپ كېلىپ، ئۆيگە ناھايىتى ئاز بارىدىغان بولدۇم، بىر كۈنى شىركەتتىن ياتىقىمغا قايتىپ ئارام ئېلىۋاتسام، بىر ياپونىيىلىك بىر نېمىنى ئوت بىلەن قىزىتىپ چەككىلى تۇرۇپتۇ، مەن قىزىقىپ، «بۇ نېمە؟» دەپ سورىسام، ئۇ خىروئىن، ھازىر بۇنى چېكىش تازا مودا بولۇۋاتىدۇ، ھەم بۇ ئادەمنى بەك ھوزۇرلاندۇرىدۇ دېدى. بۇرۇن ئاتا ـ ئانام تولا كوتۇلداپ «زەھەر چەكمىگىن» دەپ تەنبىھ بېرەتتى، شۇڭا مەن زەھەرنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باققۇم كېلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەيلا بىرىنچى قېتىم بىر چېكىم چەكتىم. شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت قىلغۇم كەلمەيدىغان، ئولتۇرسام قوپسام زەھەر ئېلىپ چېكىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇرۇن ئاتا ـ ئانام بىلەن كۆڭۈلمۇمدە قارشىلاشقان بولسامۇ، بىراق ئەزەلدىن ئۇلارغا گەپ ياندۇرۇپ باقمىغان ئىدىم. زەھەر چېكىشكە كىرىشكەندىن كېيىن، زەھەر خۇمارىم تۇتۇپ كەتسە، خۇددى غالجىر ئىتتەك ئوخشاش ۋارقىراپ جارقىراپ، ئاتا ـ ئانامنى تىللايدىغان، ھەتتا ئۆلۈپ بېرىمەن دەپ قىستاپ، ئاتا ـ ئانامدىن پۇل ئېلىپ زەھەر چېكىدىغان بولدۇم.

كېيىن ياشنىپ قالغان ئاتا ـ ئانامنىڭ زارلىنىپ ياش تۆككىـ نىنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ پۇشايمان قىلدىم. ئاتا ـ ئانام گەرچە مېنى كىچىككىمدىن تارتىپ قاتتىق باشقۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ناھايىتى كۆيۈنەتتى، مەن چوڭ بولۇۋېلىپلا ئۇلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلسام، مېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ شۇنداق قىلىپ زەھەر خۇمارى تۇتقاندا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئازابلىنىۋاتقان چىرايىنى كۆرگەندە ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي، ئاخىرى كۇدە ـ كۆرپەمنى ئېلىپ، ئاتا ـ ئانامنى تاشلاپ شېنجېنغا قېچىپ كەلدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئەرلىك ئابرۇيى ۋە غۇرۇرۇمنى يوقىتىپ، ئاخىرى تۇتۇلۇپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا كىرىپ قالدىم.

**9. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ناچار تەسىرى بىلەن زەھەر چېكىش**

لىۇ يىنرۇ، ئايال، 32 ياش.

مېنىڭمۇ ئۆمرۈمدە زادىلا ئۇنتۇيالمايدىغان كۈنلىرىم بولغان. بىر كۈنى مەن كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىدىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ تاماق ئېتىستىۋاتسام، يولدىشىم مال كىرگۈزۈپ بولۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدى. قارىسام ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كېتىپتۇ، ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ: «تېز بول، ماڭا بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇيى ئېلىپ بەر...» دېدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال سىرتقا چىقىپ كەتتىم. مەن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ قايتىپ كىرسەم، يولدىشىم چاقماقنى ياندۇرۇپ، قەلەي قەغەزنىڭ ئۈستىدىكى خېروئىننى قىزىتقىلى تۇرۇۋېـ تىپتۇ. پەرۋەردىگار، ئۇ زەھەر چەككىلى تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ! مەن

ھېچنېمىگە قارىماي ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى دۈمبالاپ: «سەن قاچاندىن باشلاپ زەھەر چەكتىڭ؟ سىنىڭ ئالدىڭدا ئاتا - ئاناڭ، بالا - چاقىلىرىڭ تۇرسا، بۇ سىنىڭ ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە ئىتتەرگىنىڭ ئەمەسمۇ! زەھەر چېكىپ ئائىلىسى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ئازمۇ؟!» دەپ ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇدۇم، يولدىشىم زارلىنىپ تۇرۇپ: «سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن، بىراق مەن تاشلىيالمىدىم!» دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئائىلىمىزدە ئاراملىق بولمىدى، ئۇنىڭ زەھەرنى تاشلىشى ئۈچۈن مەن بارلىق ئاماللارنى قىلىپ باقتىم، لېكىن پايدىسى بولمىدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ قولىدىكى چېكىۋاتقان خېروئىننى تارتىۋېلىپ تۇرۇپ: «چەك، سەنمۇ چەك، مەنمۇ چېكەي، بۇ ئائىلىنى سورۇۋېتەيلى!» دېدىم، ئەسلىدە مېنىڭ پەقەتلا چەككۈم يوق ئىدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېرىمنى زەھەر تاشلاشقا قىستاي دېگەن ئوي بىلەن ئاغزىمغا ئالغان. كىم بىلسۇن! شۇ بىر قېتىملىق چېكىپلا پاتقاققا پېتىپ قېلىشىمنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. بۇ مەن ئۈچۈن ئويلىمىغان يەردىن ئالۋاستىغا يولۇققاندەك، ئۆز ئىختىيارىمسىز ئىش بولدى.

**10. دوستنى ئوبدان تۇتمىغانلىقتىن زەھەر پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش**

لىن فېيفېي، ئايال، 22 ياش.

ئەسلىدە مېنىڭ بىر ئوبدان بەختلىك ئائىلەم بار ئىدى. ئاتا - ئانىلىرىم مېنى كىچىكىمدىن تارتىپلا پەپىلەپ چوڭ قىلغان ئىدى. كۆرگەنلا ئادەم مېنى ئەقىللىق، چىرايلىق بالا بوپتۇ دەپ

ماختايتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئەلا ئوقۇدۇم. تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بەرگەندە ئۆتەلمىدىم. ئاتا ـ ئانام پۇل خەجلەپ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتماقچى بولۇۋېدى، يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ قەتئىي ئوقۇغىلى ئۇنىماي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باشقىلارغا ئەگىشىپ، كىيىم ـ كېچەك تىجا ـ رىتى قىلدىم. شۇ جەرياندا بىر قىسىم دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭدىن چوڭ بولۇپ، پۇل تېپىشنىمۇ، پۇل خەجلەشنىڭ ئېپىنىمۇ بىلگەچكە، ئۇلارغا تولىمۇ زوقۇم كېلەت ـ تى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى دىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆن بويى ئۇلار بىلەن بىللە يەپ ـ ئىچىپ ئوينىدىم. ئۇلار مېنى ـ سىز ھەم چىرايلىق، ھەم زېرەك ئىكەنسىز، كىيىم ـ كېچەك تىجارىتى قىلسىڭىز، بەكلا چارچاپ كېتىسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە ساتىراشخانا ئاچقىنىڭىز تۈزۈك ـ دېيۋىدى، ساتىراشخانا ئاچتىم، كېيىن يەنە ناخشىنى ئويدان ئېيتىدىكەنسىز، تانسىخانا ئېچىڭ دېيۋىدى، تانسىخانا ئاچتىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تانسىخانىغا كىرىۋېلىپ زەھەر چېكىشكە، گىلدىڭلاتقۇ يېيىشكە باشلىدى. بۇرۇن مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ زەھەر چەكسە تىجارەت ئىلگىرى باسمايدۇ دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، شۇڭا باشتا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ زەھەرگە يېقىنلاشمىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر ئىككى قېتىم چېكىپلا، تەدرىجىي ئۆگىنىپ قالدىم.

### 11. زەھەر تاشلىغان بىر ياشنىڭ ساداسى

بەزىلەر زەھەر چەككەنلەرنىڭ پۇلى بار، زەھەر بولسىلا خۇشال ـ خۇرام ئۆتكىلى بولىدۇ دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق

ئەمەسكەن. زەھەرنى چىكىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، تۆنجى قېتىم چەككەن چاغدىكى ئاشۇ شىرىن تۇيغۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمايدىكەن، خۇمار ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈنلا چەكمەي بولمايدىكەن. ئۇنى چەككەندە، جەمئىيەتنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئادەم دەككە ـ دۈككىدە بولىدىكەن، چىكىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىشە پۇشايمان يەيدىكەن ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەيدىكەن، نەدىمۇ خۇشال ـ خۇراملىق بولسۇن؟ مەن بۇرۇن نۇرغۇن قېتىم ئۆلۈمنى تىلىگەن، بىر ئوكۇل بىلەنلا ئۆلۈپ كېتىشنىمۇ ئويلىغان، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: مەن ئەجەبا زەھەرنى تەلتۆكۈس تاشلىيالماسمەنمۇ؟ مەن بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياش تۇرسام، تەقدىرنىڭ بىر مەھەل چاقچىقى بىلەنلا نېمىشقا ئەسلىمگە كېلەلمەيمەن؟ نېمىشقا ساغلام ياشاپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ سەركەردىلىرىگە ئايلىنىپ، ئائىلەم ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ پەخرى بولمايمەن؟» دەپ تۈمەن مىڭ قېتىملاپ سوئال قويغان. بىراق بارلىق زەھەر چەككۈچىلەرگە زەھەرنى ئۆزۈل ـ كېسىل تاشلاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ناھايىتى ئايان. مەن ھازىر باشقۇرۇپ تەربىيىلەش كادىرلىرى ۋە دوختۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن زەھەر خۇمارىنى فىزىئولوگىيە جەھەتتىن تۈگىتىپ، سالامەتلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم، نورمال ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىمنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردۈم، بىراق مەن زەھەر تاشلاش ئورنىدا ئۆمۈرۋايەت تۇرالمايمەن ـ دە! قەلبىمگە ئورنىشىپ كەتكەن زەھەر خۇمارنى تۈگىتىش بىر ئىككى ئايلىق، ياكى بىر ئىككى يىللىق ئىش ئەمەس. قەلبىدىكى زەھەر خۇمارى تۈتقاندا زەھەرگە يولۇقۇپ قالسا ياكى زەھەر ئېلىپ ساتىدىغانلار مۇشۇ جەمئىيەتتە مەۋجۇت

بولسىلا، زەھەرنى تاشلىغان ھەر بىر كىشىنىڭ قايتا چەكمەس-لىككە كاپالەتلىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. كونا جەمئىيەتتە نەشە چەككۈچىلەر قەددەمدە بىر ئۇچرايتتى، ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 يىلدا نېمىشقا زەھەرنىڭ زىيىنى كۆرۈلمىدى؟ بۇ ئالدى بىلەن زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلارنىڭ تەلتۆكۈس تازىلانغانلىقىدىن بولغان. بۇنداق دېگەنلىكىم ھەرگىز ئۆزۈمنى ئاقلىغانلىقىم ئەمەس، بۇ بىزدەك زەھەر تاشلىغۇچىلارنىڭ ئورتاق ساداسى. بىزنىڭمۇ ئائىلىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز بار، زەھەر چەكمە-گەن چاغلاردا بىزنىڭمۇ ۋىجدانىمىز، غورۇرىمىز بولغان، بىزمۇ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشنى ھەرگىز خالىمايمىز - دە! بىراق زەھەر چەكمىگەنلەر زەھەر خۇمارىنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلى-كىنى ئۇقمايدۇ، زەھەر خۇمارى تۇتۇپ كەتكەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ، پەقەت جەمئىيەتتىن زەھەر سېتىۋالالىسىلا، ئاندىن بېسىقىدۇ. شۇڭا راستىنى ئېيتساق، زەھەر ئېلىپ سېتىش مەنبە، زەھەر چېكىش مايسا بولسا، زەھەر سېتىش يىلتىزىدۇر. بىزدەك زەھەر چەككۈچىلەرنى قۇتقۇزۇ-ۋېلىش ئۈچۈن، مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، زەھەرنى ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدەك تەلتۆكۈس تازىلىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن!

# تۆتىنچى باب ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زەھەرگە قارشى تۇرۇشقا دائىر سوئال - جاۋابلار

## 1 § . ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر سوئال - جاۋابلار

1. ئەيدىز كېسەللىكى دېگەن نېمە؟

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تولۇق نامى بولسا «ئېرىشمە ئىممۇنىتېت كەمتۈكلۈك يىغىندى ئالامىتى» دۇر. ئۇ ئىنگلىزچىدا Acquired Immune Deficiency Syndrome دېيىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ AIDS دېيىلىدۇ.

2. ئەيدىز كېسەللىكىنى قايسى ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

ئەيدىز كېسەللىكىنى ئىنسانلار ئىممۇنىتېتىنى كەمتۈكلەشتۈرگۈچى ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ئىنگلىزچىدا Human Immonodeficiency Virus دېيىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ HIV دېيىلىدۇ. بۇ ۋىرۇس مەخسۇس ئادەملەرنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

**3. ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولامدۇ؟**

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتىشقا قارىتا ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىسپاتلانغان ئۈنۈملۈك بىرەر چارە ياكى بىرەر دورا يوق، شۇنداقلا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاكسىنىمۇ يوق. نۆۋەتتە قوللىنىلىۋاتقان داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەش ئارقىلىق ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىدۇ ۋە ئۆمرىنى ئۇزارتالايدۇ.

**4. مەملىكىتىمىزدە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشىدا قانداق ئالاھىدىلىك بار؟**

① ئەيدىز كېسەللىكىدىن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى يەنىلا ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرماقتا؛ ② ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، رايونلار ئارا پەرقى چوڭ بولماقتا؛ ③ ئۈچ خىل تارقىلىش يولى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق تارقىلىش بولسا يېڭىدىن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشتىكى ئاساسلىق يول بولۇپ قالغان؛ ④ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالى ئېغىر بولماقتا؛ ⑤ ئەيدىز كېسەللىكى خەۋپلىك كىشىلەر توپىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ كېڭەيمەكتە؛ ⑥ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى يەنىمۇ يامراش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە.

**5. ئەيدىز بىمارى تۇنجى بايقالغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە ئېلىمىز قانچە باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى؟**

1985 – يىلى ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم ئەيدىز بىمارى

بايقالغاندىن بۇيان، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى سىرتتىن كىرىش باسقۇچى(1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە)، تارقىلىش باسقۇچى(1989 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە)، كۆپىيىش باسقۇ - چى(1995 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە) ۋە تېز كۆپىيىش باسقۇچى(2001 - يىلدىن بۇيان) دىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

**6. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى قانداق؟**

1995 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى قۇمۇلدا بايقالغاندىن تارتىپ، 2007 - يىلى 9 - ئايغىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى 20890 نەپەرگە يەتتى. بۇ پۈتۈن مەملىكەت دوكلات قىلىنغان سانىنىڭ 10% نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇمـ - لىنىش سانىدا مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا بولۇپ، نوپۇس سېلىشتۇرمىسى بويىچە ئېيتقاندا مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

**7. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى قانداق؟**

قەشقەر ۋىلايىتىدە 1996 - يىلى تۇنجى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى دوكلات قىلىنغاندىن تارتىپ، 2007 - يىلى 9 - ئايغىچە ئېلان قىلىنغان سان 1130 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دوكلات قىلىنغان ئومۇمىي سانىنىڭ 4.5% نى ئىگىلەيدۇ. قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلى، ئۈرۈمـ -

چى، ئاقسۇدىن قالسىلا 4 – ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، يۇقۇم-لىنىش ئەھۋالى نىسبەتەن تېز بولۇۋاتقان رايونلارنىڭ بىرىدۇر.

**8. ئەيدىز كېسەللىكى ئاساسلىق قايسى يوللار ئارقىلىق تارقىلىدۇ؟**

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ چوڭ تارقىلىش يولى بار بولۇپ، جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق، قان ئارقىلىق ۋە ئانىدىن بالىغا تارقىلىدۇ.

**9. ئەيدىز ۋىرۇسى قايسى يوللار بىلەن يۇقمايدۇ؟**

① كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ياكى ئەيدىز بىمارلىرى بىلەن ئادەتتىكى ئۇچرىشىش، يەنى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۇش، قۇچاقلىشىش، مۇراسىم خاراكتېرلىك سۆيۈشۇش، بىرلىكتە غىزالىنىش، ئەمگەك قوراللىرى، ئىشخانا بۇيۇملىرى، پۇل قاتارلىقلارنى ئورتاق ئىشلىتىش قاتارلىقلاردا ئەيدىز ۋىرۇسى يۇقمايدۇ؛ ② ئەيدىز كېسەللىكى ئولتۇرما ھاجەتخانا، تېلېفون، قاچا - قۇچا، كارىۋات جابدۇقلىرى، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ياكى ئاممىۋى مۇنچا قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق يۇقمايدۇ؛ ③ يۆتى-لىش، چۈشكۈرۈش ئارقىلىق ئەيدىز يۇقمايدۇ؛ ④ چىۋىن، پاشا، كۆمۈتا قاتارلىق ھاشاراتلار ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرمايدۇ.

**10. قانداق كىشىلەر ئەيدىز كېسەللىكىنى ئاسان يۇقتۇ-رۇۋالىدۇ؟**

① ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكەنلەر، قالايمىقان

جىنسىي ئالاقە قىلىدىغانلار ۋە كۆپ ئادەم بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىدىغانلار؛ ② ۋېنا تومۇرىدىن ئىشلىتىدىغان دورا ياكى زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى بولغانلار، يەنى تومۇردىن دائىم ئوكۇل ئۇرىدىغان ياكى تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار، قان ياكى قاندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى سالدۇرغانلار، قاناش كېسەللى بارلار؛ ③ ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا كۆپ بارىدىغانلار، بولۇپمۇ قاش كۆزلىرى، يۈزىنى چەكتۈرۈش ياكى بەدىنىگە قارىتا تىغلىق ياكى ئۇچلۇق ئەسۋابلار بىلەن تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنى قىلدۇرىدىغانلار؛ ④ ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلاردىن بىرسى ئەيدىز كېسەللىكى بولغانلاردىن تۇغۇلغان بالىلار.

**11. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى ئايرىشتا قانداق قىلىمىز؟**

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ياكى يۇقۇملانمىغانلىقىنى ئايرىشتا كېسەللىك ئالامىتىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىغا قاراپلا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. چوقۇم بۇنىڭغا مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار ياكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىگە بېرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرۈش كېرەك. ئادەتتە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن قاندىن ئەيدىز ۋىرۇسىنى تەكشۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

**12. كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېنىق بولمىغان ئەيدىز كېسەللىكى قانچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرىدۇ؟**

كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېنىق بولمىغان ئەيدىز كېسەللىكى ئادەتتە كۆزنەك دەۋرى ۋە يوشۇرۇن دەۋرىدىن

ئىبارەت ئىككى دەۋرنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

**13. كۆزنەك دەۋرى دېگەن نېمە؟**

بۇ ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئادەم قېنىغا كىرىشىدىن تارتىپ ئادەم قېنىدا ئەيدىزگە قارشى تەنچە(ئانتىتېلا) شەكىللەنگۈچە بولغان ھەمدە نۆۋەتتىكى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر مەزگىلدۇر. بۇ دەۋر ئادەتتە ئۈچ ھەپتىدىن ئۈچ ئايغىچە بولىدۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەردە يېرىم يىلغا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن.

**14. كۆزنەك دەۋرىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى قايسى؟**

بۇ دەۋردە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى بولسا قىزىش، تەرلەش، ماغدۇرسىزلىنىش، مۇسكۇللىرى ئاغرىش، تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىچ سۈرۈش، گال ئاغرىش قاتارلىق ۋىرۇسلۇق زۇكام ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە باش ئاغرىش، يورۇقتىن قورقۇش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. بىر قىسىم يۇقۇملانغۇچىلاردا ئەسۋە، داغلىق ئەسۋە، قىزىلگۈل رەڭلىك ئەسۋە، يەلتاشما قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

**15. يوشۇرۇن دەۋرى دېگەن نېمە؟**

ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەم بەدىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن تارتىپ، رەسمىي كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىغىچە بولغان مەزگىل يوشۇرۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلاردا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈل-

مەيدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ يەنىلا يۇقۇملاندۇرۇش ئىلاھىدىلىكى بولىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يوشۇرۇن دەۋرى 7 ~ 10يىلغىچە بولىدۇ.

**16. ئەيدىز كېسەللىكىدىن يۇقۇملانغۇچى دېگەن نېمە؟**

مەلۇم سەۋەبلەردىن ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرىۋالغۇچىنىڭ بەدەن سىرتىدىكى ئالامەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنى يۇقتۇرىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتە باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھېچقانداق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت بىر قىسىم كىشىلەردە زۇكامغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بىراق كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇنداق كېسەللىك ئالامەتلىرىگە سەل قارىلىدۇ ياكى باشقا كېسەللىك ئالامەتلىرى دەپ قارىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز بۇنداق ئادەملەرنى ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغۇچى دەپ ئاتايمىز.

**17. ئەيدىز بىمارى دېگەن نېمە؟**

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ نۇرغۇن يىلدىن كېيىن بەدەننىڭ كېسەلگە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى تۆۋەنلىگەنلىكتىن، نۇرغۇن كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىدا كېسەللىك كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئەيدىز بىمارى بولىدۇ.

**18. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى قايسىلار؟**

بۇ ئالامەتلەر دەسلىپىدە بەلۋاغسىمان قوقاق ۋە ئېغىز

كېسەللىكلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ رەسمىي ئەيدىز كېسەللىكى دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاندىن يەنە ئۆزۈنغىچە داۋاملىشىدىغان سەۋەبسىز قىزىتما، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ئىچى سۈرۈش، بەدەن ئېغىرلىقى توختىماستىن تۆۋەنلەش، ئۆپكىسى يۇقۇملىنىش، ھەزىم قىلىش يولى كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدە بولسا، روھىي ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولۇش، بەدەن ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ.

**19. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى كېسەللىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن يەنە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ؟**

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى كېسەللىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئادەتتە ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

**20. ئەيدىز كېسەللىكىنى قانداق داۋالايمىز؟**

ئەيدىز كېسەللىكىگە قارىتا ۋىرۇس ۋە ھەر خىل ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ۋىرۇسقا قارشى داۋالاش، پۇرسەت خاراكتېرلىك داۋالاش، قامداپ ۋە ئالامەتكە قاراپ داۋالاشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

**21. ۋىرۇسقا قارشى داۋالاش دېگەن نېمە؟**

بۇ نۆۋەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، دورىلارنى بىرىكتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۈچ خىلدىن تۆت خىلغىچە بولغان دورىنى بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ. بۇنداق

داۋالاش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا، بىمارنىڭ تېنىدىكى ۋىرۇسلار-نىڭ كۆپىيىشىنى ئەڭ زور چەكتە تورمۇزلاپ، بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىمار-نىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالايدۇ.

**22. پۇرسەت خاراكتېرلىك داۋالاش دېگەن نېمە؟**

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق كېسەللىك ئالامىتى بولسا پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش، بۇ شۇنداقلا بىمارنىڭ ئاساسلىق تەكشۈرۈپ داۋالىنىدىغان كېسەللىكلىرىدۇر. پۇرسەت خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش دېگىنىمىز، ئەيدىز ۋىرۇسى ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلىقى سەۋە-بىدىن، ئادەم بەدىنى تۈرلۈك كېسەللىك ۋىرۇسلىرىغا قارىتا مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى يوقاتقاچقا، تۈرلۈك كېسەللىك ۋىرۇسلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئادەم بەدىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك يۇقۇملىنىشتۇر.

**23. ئالامىتىگە قاراپ داۋالاش دېگەن نېمە؟**

بۇ دېگەنلىك پەيدا بولغان ئوخشىمىغان كېسەللىك ئالامە-تىگە ئاساسەن مۇناسىپ چارە قوللىنىش، ئوزۇقلۇق جەھەتتىن بەدەنگە زۆرۈر ياردەم بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇمۇ ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى مۇھىم ھالقىدۇر.

**24. ئەيدىز كېسەللىكى جەمئىيەتكە ۋە ئىقتىسادىي تەرەق-قىياتقا قانداق زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ؟**

① ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئەيدىز بىمارلى-

ـرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى ياش ئەمگەك كۈچلىرىگە زىيان ئېلىپ كېلىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى؛ ② ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى نامرات ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش يېشىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى؛ ③ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى نامرات ئاھالىلەرنى كۆپەيتىۋەتتى، نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى زورايتىۋەتتى؛ ④ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى زور مىقداردا يېتىم بالىلار، تەنها، ياشانغانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە شۇ تۈپەيلىدىن بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ ⑤ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىدا يېتىش ئېھتىياجى ۋە داۋالاش راسخوتى ئېشىپ كېتىدۇ؛ ⑥ ئەيدىز كېسەللىكى يەنە ئائىلىگىمۇ ئېغىر تەسىر پەيدا قىلىدۇ؛ ⑦ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى جەمئىيەت مۇقىملىقىغا يوشۇرۇن خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.

**25. قانداق قىلغاندا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟**

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق تارقىلىش، قان ئارقىلىق تارقىلىش ۋە ئانىدىن بالىغا تارقىلىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئۈچ خىل تارقىلىش يولى بار بولۇپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يۇقىرىقى ئۈچ خىل تارقىلىش يولىغا قارىتا مۇناسىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانساق بولىدۇ.

**26. جىنسىي ئۇچرىشىش ئارقىلىق تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىمىز؟**

جىنسىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش، جىنسىي ھەمراھىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۆز ھەمراھىغا سادىق بولۇش ۋە بىخەتەر جىنسىي ھەرىكەت بولسا، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ جىنسىي يول ئارقىلىق تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر-دۇر. سۈپەتى لاياقەتلىك بولغان گاندوننى توغرا ئىشلەتكەندە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يۇقۇش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدۇ. جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالسا، ياكى جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىدىن گۇمان قىلسا، بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياكى مۇنتىزىم دوختۇرخانىلارغا بېرىپ بالدۇرراق تەكشۈرتۈپ داۋالىنىش كېرەك.

**27. قانداق قىلغاندا قان ئارقىلىق تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟**

بۇنىڭدا زەھەردىن يىراق تۇرۇش ۋە زەھەرنى چەكلەش كېرەك. زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغانلارغا زەھەرنى تاشلاش ۋە خۇمارىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش، زەھەر خۇمارىنى تۈگى-تىشكە ۋاقىتىنچە ئامال قىلالمىغانلارغا قارىتا مېتادون(美沙酮) نى قامداپ داۋالاش ئۇسۇلى ۋە پاكىز بولغان شپرىس، يىڭنىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شپرىس ۋە يىڭنىنى ئورتاق ئىشلىتىپ، تومۇردىن زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش قىلمىش-لىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك.

ئەيدىز ۋىرۇسى تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولمىغان قان، قاندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە ئەزالارنى قوبۇل قىلماسلىق، قاتتىق ئۆلچەم بويىچە دېزىنفېكسىيىلەنمىگەن شپرىسنى ئىشلەتمەسلىك، باشقىلار بىلەن شپرىس ۋە ئۇستىرىلارنى ئورتاق ئىشلەتمەسلىك، بىر قېتىمدىلا ئىشلىتىلىدىغان شپرىس قاتارلىق بىخەتەر ئوكۇل قىلىش ئۇسۇللىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش لازىم.

## 28. ئانىدىن بوۋاققا يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك؟

ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغان ئاياللار هامىلىدار بولۇش-تىن ساقلىنىش، ئەگەر هامىلىدار بولۇپ قالسا، دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش ياكى داۋاملىق هامىلىدار بولۇشنى ئويلىشىش، هامىلىدارلىقنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانلار ۋىرۇسقا قارشى دورىلارنى ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك قورساقنى يېرىپ تۇغدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تارقىلىشنى توسۇش، تۇغۇلتىن كېيىن بوۋاقنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىشتىن ساقلىنىش لازىم.

## 29. قىزىل لېنتا نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟

«قىزىل لېنتا» ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىشكە سىمۋول قىلىنغان؛ هاياتلىقنى سۆيۈش ۋە باراۋەرلىككە بولغان تەشنالىققا سىمۋول قىلىنغان؛ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە چىن دىل بىلەن قاتنىشىشقا سىمۋول قىلىنغان.

**30. نېمە ئۈچۈن زەھەر چەككۈچىلەر ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ؟**

زەھەر چەككۈچىلەر ئېغىزدا چېكىشتىن ئوكۇل ئۇرۇپ چېكىشكە ئۆزگەرگەندىن باشلاپ، نۇرغۇن كىشىلەردە شپىرىسنى ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئادەت بولىدۇ. ئىشلىتىلىپ بولۇنغان شپىرىس دېزىنفېكسىيىلەنمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەيدىز ۋىرۇسى بىر زەھەر چەككۈچىدىن يەنە بىر زەھەر چەككۈچىگە تارقىلىدۇ.

**31. دۇنيا ئەيدىز كېسەللىكى كۈنى قاچان؟**

دۇنيا ئەيدىز كېسەللىكى كۈنى ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

**32. دۆلىتىمىزنىڭ ئەيدىز بىمارلىرىغا قارىتا يولغا قويغان «تۆتنى كەچۈرۈم قىلىش، بىرگە كۆڭۈل بۆلۈش» سىياسىتىنىڭ مەزمۇنلىرى قايسى؟**

تۆت كەچۈرۈم:

① يېزا ئاھالىلىرى ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق داۋالىنىش كاپالەت تۈزۈمىگە قاتناشمىغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلار ئارىسىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنى ئەيدىز كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش دورىلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش؛ ② ئەيدىز كېسەل-لىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ، تەكشۈرۈشنى ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلغانلارنى ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش ۋە ھەقسىز دەسلەپكى تەكشۈرۈش بىلەن تەمىنلەش؛ ③ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئاياللارنى ئانا بىلەن بوۋاقنى ئايرىش

دورىلىرى ۋە بوۋاقلارنى تەكشۈرۈش دورىلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش؛ ④ ئەيدىز كېسەللىكى سەۋەبىدىن يېتىم بولۇپ قالغان بالىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىش.

بىرگە كۆڭۈل بۆلۈش:

تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىپ قالغانلارنى ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تۇرمۇشىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يار يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش.

**33. ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ، تەكشۈرۈشنى ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلىش دېگەن نېمە؟**

ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ، تەكشۈرۈشنى ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلىش دېگىنىمىز كىشىلەرنىڭ ئەيدىز كېسەللىكى توغرىسىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەسلىھەت سوراش، مەسلىھەت سورىغاندىن كېيىن ئەيدىز كېسىلى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىقنى تاللاش ۋە قارار قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

**34. دۆلىتىمىزنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۆت تەدبىرى قايسىلار؟**

ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش.

**35. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، تۇرۇشلۇق جايى قاتارلىق خۇسۇسىي ئەھۋاللىرىنى ئاشكارىلاشقا بولامدۇ؟**

ھەرقانداق ئورۇن، شەخسنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، تۇرۇشلۇق جايى قاتارلىقلارنى ئاشكارىلىشىغا بولمايدۇ.

**36. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى قانۇنىي جەھەتتىن قانداق چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ؟**

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرى پۇقرالار قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ھوقۇق ۋە پاراۋانلىقلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

**37. ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ قان ۋە قان ياسالمىلىرى ئارقىلىق تارقىلىش نىسبىتى قانچىلىك؟**

ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ قان ۋە قان ياسالمىلىرى ئارقىلىق تارقىلىش نىسبىتى 100% بولىدۇ.

**38. ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ سىرتتىكى قارشىلىق كۈچى قانداق؟ قايسى دېزىنفېكسىيە دورىلىرى ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئۆلتۈرەلەيدۇ؟**

ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ سىرتتىكى قارشىلىق كۈچى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، B تىپلىق جىگەر ياللۇغىغا قارشى دېزىنفېكسىيە دورىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئۆلتۈرەلەيدۇ.

**39. ئەيدىز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا ئادەتتە قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟**

① مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار ياكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، كونترول قىلىش مەركىزىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى؛ ② كېسەللىكنىڭ مەلۇم ئالامەتلىرى بولۇش؛ ③جىنسىي جەھەتتىكى قالايمىقان ياكى خەتەرلىك ئۇچرىشىش تارىخى ياكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شپىرىسنى ئورتاق ئىشلىتىپ قالغان تارىخى بولۇش ۋە ياكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان تىغلىق سايمانلار بەدەنگە سانجىلغان تارىخى بولۇش.

**40. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتىش دېگەن نېمە؟**

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى كەمسىتىش دېگەنلىك كىشىلەرنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا بولغان ناتوغرا قاراشنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولۇش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2 § . زەھەرگە قارشى تۇرۇشقا دائىر سوئال ـ جاۋابلار

**1. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز دۇچ كەلگەن زەھەر ۋەزىيىتى قانداق؟**

① چېگرا سىرتىدىكى زەھەرنىڭ دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىشى ئۈزلۈكسىز جىددىيلەشتى؛ ② دۆلەت ئىچىدە زەھەر

ئېلىپ سېتىش ۋە زەھەر توشۇش ھەرىكەتلىرى كۆنسېرى غالجىرلاشتى؛ ③ سىرتلارغا چىقىپ زەھەر ئېلىپ سېتىش ھەرىكىتى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى؛ ④ دۆلەت ئىچىدە كرىستال زەھەر، گىلدىڭلاتقۇ قاتارلىقلارنى ياساش ۋە ئېلىپ سېتىش جىنايى ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى؛ ⑤ دۆلەت ئىچىدىكى زەھەر ئىستېمال بازىرىنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى؛ ⑥ زەھەرنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولدى.

**2. زەھەر دېگەن نېمە؟**

دۆلىتىمىز «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 357 – ماددىسىدا زەھەر ئەپيۇن، خېروئىن، كرىستال زەھەر، مورفىن، نەشە، كوكائىنلارنى ھەم دۆلەت تىزگىنلەشنى بەلگىلىگەن، ئادەمنى خۇمار قىلالايدىغان باشقا ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن.

**3. زەھەرنىڭ ئاساسلىق ئۈچ ئالاھىدىلىكى قايسى؟**

① بېقىنىشچانلىقى؛ ② قانۇنسىزلىقى؛ ③ زىيانلىقلىقى.

**4. زەھەر چېكىشنىڭ ئۇسۇللىرى قايسى؟**

① ئوت يېقىپ چېكىش؛ ② قىزىتىپ چېكىش؛ ③بۇرۇن بىلەن پۇراش؛ ④ ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىش؛ ⑤ ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش.

**5. زەھەرنى كېلىش مەنبەسىگە قاراپ قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ؟**

زەھەرنى ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىگە قاراپ تەبىئىي زەھەر، يېرىم بىرىكتۈرۈلگەن زەھەر ۋە بىرىكتۈرۈلگەن

زەھەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

**6. زەھەرنى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان رولىغا قاراپ قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ؟**

زەھەرنى ئۇنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان رولىغا قاراپ تورمۇزلاش دورىسى، قوزغىتىش دورىسى، خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىش دورىسى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

**7. زەھەرنى تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە قاراپ قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ؟**

زەھەرنى ئۇنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

**8. ئېلىمىزدە ھازىر بار زەھەرلەر قانچە خىل؟**

① ئەپيۇن؛ ② مورفىن؛ ③ خېروئىن؛ ④ دولانتىن؛ ⑤ ھىدرو خلورىد دىھىدرو ئانالھېن؛ ⑥ مۇزسىمان زەھەر(مېتلامفېتامىن)؛ ⑦ گىلدىڭلاتقۇ؛ ⑧ كېتامىن؛ ⑨ نەشە؛ ⑩ ئانالگېن؛ ⑪ ترىئازولىن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان دائىم ئۇچرايدىغان بىر نەچچە خىل زەھەردىن باشقا، دۆلەت تىزگىنلەيدىغان ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىدىن يەنە كودېئىن، ئانادول، چاڭتوڭدىڭ، مېتادون، ئەپيۇنگۈل غوزىكى قاتارلىقلار بار.

**9. زەھەر چېكىش دېگەن نېمە؟**

زەھەر چېكىش يەنە «دورىنى قالايمىقان ئىشلىتىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنى داۋالىنىشتىن باشقا مەقسەتتە ئۇكۇل قىلىپ

ئۇرۇش، ئېغىزدىن ئىچىش، بۇرۇندىن شوراش ئۇسۇلى ياكى ئۇسۇللار ئارقىلىق زەھەرنى ئادەم بەدىنىگە كىرگۈزۈش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**10. زەھەر چېكىشنىڭ سەۋەبلىرى قانچە خىل؟**

① ئادەمدىكى سەۋەب؛ ② ئائىلە سەۋەبى؛ ③ ئىجتىمائىي سەۋەب.

**11. زەھەر چېكىشنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبلىرى قايسى؟**

① يېڭى تىپتىكى زەھەرنى بىلمەسلىك؛ ② قىزىقىش ۋە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش؛ ③ زەھەرنىڭ خۇمار قىلىشچانلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەسلىك، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىش كېتىش؛ ④ راھەت ـ پاراغەتنى كۆزلەش، زەھەر چېكىشنى مودا دەپ قاراش؛ ⑤ پسىخىك بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش.

**12. زەھەر چېكىشنىڭ ئائىلە سەۋەبلىرى قايسى؟**

① ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن پەرزەنتلىرى زەھەر چېكىش؛ ② ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن پەرزەنتلىرى زەھەر چېكىش؛ ③ ئائىلە تەربىيىسى لايىقىدا بولمىغاچقا، پەرزەنتلىرىدە بىزار بولۇش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ زەھەر چېكىش؛ ④ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ناچار تەسىرىگە ئۇچراشتىن زەھەر چېكىش.

**13. زەھەر چېكىشنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى قايسى؟**

① تېز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى؛② ناچار كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ تەسىرى؛ ③ مەھەللىنىڭ تەسىرى؛ ④ زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلارنىڭ تەسىرى؛ ⑤ دوستىنى ئوبدان تۇتماي، باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ زەھەر چېكىش.

**14. زەھەرنىڭ قانداق زىيىنى بار؟**

زەھەرنىڭ زىيىنى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ تېنىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، پسىخىكىسىنى زەھەرلەيدۇ، ئائىلىنى بۇزۇپ، ھاياتىغا تەھدىت سالىدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**15. زەھەر چېكىشنىڭ شۇ كىشىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا بولغان زىيىنى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟**

① زەھەر چېكىش ئادەم تېنىنىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىدۇ؛ ② زەھەر چېكىش ئادەمنى جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلايدۇ؛ ③زەھەر چېكىش ئادەمدە نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ؛ ④ زەھەر چېكىش ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەخلاقىنى بۇزىدۇ.

**16. زەھەر چېكىشنىڭ ئائىلىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى قايسىلار؟**

① زەھەر چېكىش كۆپ ھاللاردا ئائىلىنى خانە ـ ۋەيران قىلىدۇ؛ ② زەھەر چېكىش ئائىلىنى بۇزۇپ، بالا ـ

چاقىلىرىنى سەرسان قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

**17. زەھەر چېكىش جەمئىيەتكە قانداق زىياننى كەلتۈرىدۇ؟**

① زەھەر چېكىش نۇرغۇن ئىجتىمائىي بايلىقنى يوقىتىۋې-تىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ؛ ② زەھەر كۆپ خىل جىنايى قىلمىشلارنى پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ ③ زەھەر چېكىش پۇقرالارنىڭ ساپاسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

**18. زەھەر چېكىشنىڭ پۇقرالارنىڭ ساغلاملىقىغا يەتكۈزى-دىغان زىيىنى قانچە خىل؟**

① زەھەر چېكىش پۇقرالارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈ-زۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-تىدۇ.② زەھەر چېكىش كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلاملىقىغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېلەچىكىنى نابۇت قىلىدۇ.

**19. دۆلىتىمىزنىڭ زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر سىياسەت-لىرى قايسى؟**

① زەھەرنى مەنئى قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىيا-ستى؛ ② «تۆتنى مەنئى قىلىش»نى تەڭ تۇتۇش، ئالدىنى ئېلىش-نى ئاساس قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىن ئىبارەت زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتى فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش؛ ③ زەھەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ④ خەلقئارالىق زەھەرنى مەنئى قىلىش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىش ۋە ئۇنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش.

**20. دۆلىتىمىزنىڭ زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر سىياسىتىدىكى«تۆتنى مەنئى قىلىش» قايسى؟**

ئىلىمىز زەھەر چېكىشنى مەنئى قىلىش، زەھەرنى ئېلىپ سېتىشنى مەنئى قىلىش، زەھەر ئۆسۈملۈكىنى تېرىشنى مەنئى قىلىش، زەھەرنى ياساشنى مەنئى قىلىشتىن ئىبارەت.

**21. دۆلىتىمىزنىڭ زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر سىياسىتىدىكى ئۈچ تۈرلۈك پرىنسىپ قايسى؟**

كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىپ، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئۇنىۋېرسال، باراۋەر بولغان خەلقئارالىق زەھەر مەنئى قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش. ۋاكالىدىن ئىشلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، زەھەر مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

**22. دۆلىتىمىزنىڭ زەھەرگە دائىر قانۇن بەلگىلىمىلىرىدە زەھەرگە دائىر قانچە خىل قانۇنسىز قىلمىش بەلگىلەنگەن؟**

① زەھەرنى قانۇنسىز ئىلىكىدە تۇتۇش قىلمىشى؛ ② زەھەر ئۆسۈملۈكىنى قانۇنسىز تېرىش؛ ③ زەھەر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى، مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئىلىكىدە تۇتۇش قىلمىشى؛ ④ زەھەر چېكىش ۋە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش قىلمىشى؛ ⑤ ئاسان زەھەر ياسىغىلى بولىدىغان بۇيۇملارنى ئەتكەس قىلىش، قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش قىلمىشى.

**23. زەھەر جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

دۆلەتنىڭ ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، شۇنىڭدەك يۇقىرىقى قىلمىشلارغا ئالاقىدار بولغان دۆلەتنىڭ زەھەر مەنئى قىلىش ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىدۇر.

**24. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى قانۇنلىرىدا زەھەر جىنايىتى توغرىسىدا قانداق بەلگىلىمىلەر بار؟**

① زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش جىنايىتى؛ ② زەھەر ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى؛ ③ زەھەر ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش جىنايىتى؛ ④ زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنى قانۇنسىز تېرىش جىنايىتى؛ ⑤ زەھەر ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى، مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئىلكىدە تۇتۇش جىنايىتى؛⑥ باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ ۋە ئالداپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى؛ ⑦ باشقىلارنى زورلاپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى؛ ⑧ باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىشىگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش جىنايىتى؛ ⑨ ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرى بىلەن قانۇنسىز تەمىنلەش جىنايىتى؛ ⑩ زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى؛ ⑪ زەھەرنى، زەھەردىن بولغان ھارام پۇلنى ساقلاپ بېرىش، يۆتكىۋېتىش ۋە يوشۇرۇپ قويۇش جىنايىتى؛ ⑫ زەھەرنى قانۇنسىز ئىلكىدە تۇتۇش جىنايىتى.

**25. ئەتكەسچىلىك قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان خېرويىن 50 گرامدىن كۆپ بولغانلارغا قانداق جازا بېرىلىدۇ؟**

ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

**26.«جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا قانداق قىلمىشلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن؟**

① قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىشقا سېلىپ ياكى كۈشكۈرتۈپ، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، زەھەر ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە زەھەر ساتقانلار؛ ② زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش، زەھەرنى ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جىنايى جازا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر.

**27. زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

زەھەر باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش، زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەر ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساشتەك قىلمىشلاردۇر.

**28. زەھەر ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى جىنا ـ يىتى دېگەن نېمە؟**

دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، سىركە كىسلاتا ئانھىدرىدى، ئېتىر، خلوروفورم ياكى زەھەر ياساشقا كېرەكلىك باشقا خام ئەشيا ۋە باشقا قوشۇلما خۇرۇچىنى قانۇن ـ سىز توشۇپ، ئېلىپ يۈرۈپ، چېگرىدىن كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىش

قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**29. زەھەر ياساشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، سىركە كىسلاتا ئانھىدرىدى، ئېتىر، خلوروفورم ياكى زەھەر ياساشقا كېرەكلىك باشقا خام ئەشيا ۋە باشقا قوشۇلما خۇرۇچىنى چېگرا ئىچىدە قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش قىلمىشىدۇر.

**30. زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنى قانۇنسىز تېرىش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

ئەپيۇنگۈل، كەندىر قاتارلىق زەھەر ئۆسۈملۈكىنى قانۇنسىز تېرىپ، مىقدارى كۆپرەك بولغان، ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن يەنە تېرىدىغان ۋە ياكى چانۋېتىشكە قارشىلىق قىلغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

**31. زەھەر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى، مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئىلكىدە تۇتۇش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، بىخ تارتىش كۈچىدىن قالمىغان ئەپيۇنگۈل قاتارلىق زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇرۇقى ياكى مايسىلىرىنى ئېلىپ ساتقان، توشۇغان، ئېلىپ يۈرگەن ۋە ئىلكىدە تۇتقانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

**32. باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ ۋە ئالداپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

دۆلەتنىڭ ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش، كۈشكۈرتۈش ۋە ئالداش ۋاستىسى ئارقىلىق باشقىلارنى زەھەر چەكتۈرۈش، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغۇزۇش قىلمىشلىرىدۇر.

**33. باشقىلارنى زورلاپ زەھەر چەكتۈرۈش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

باشقىلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا مەجبۇرلاش ۋاستىسى ئارقىلىق باشقىلارنى زورلاپ زەھەر چەكتۈرۈش، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغۇزۇش قىلمىشلىرىدۇر.

**34. باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىشىگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

دۆلەتنىڭ ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىشىگە، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشىغا قەستەن سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن قىلمىشلاردۇر.

**35. ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرى بىلەن قانۇنسىز تەمىنلەش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

دۆلەت تىزگىنلەيدىغان ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرىنى قانۇن بويىچە ئىشلەپچىقىرىدىغان، توشۇيدىغان،

باشقۇرىدىغان، ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەردىن دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىدىغان، ئوكۇل قىلىپ سالىدىغانلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى دۆلەت تىزگىنلەيدىغان، خۇمار قىلىدىغان ناركوز دورىلىرى، روھىي كېسەل دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**36. زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈۋالمىغان ئەھۋالدا، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئۇنى يوشۇرۇنىدىغان جاي، پۇل - مال بىلەن تەمىنلەش، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىش ياكى يالغان ئىسپات بېرىپ ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېپىپ، ئۇنى قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**37. زەھەرنى، زەھەردىن بولغان هارام پۇلنى ساقلاپ بېرىش، يۆتكىۋېتىش ۋە يوشۇرۇپ قويۇش جىنايىتى دېگەن نېمە؟**

ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈۋالمىغان ئەھۋالدا، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچىلەرنىڭ زەھىرى ھەم ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تاپقان پۇل - مېلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ساقلاپ بېرىش، يۆتكىۋېتىش ۋە يوشۇرۇپ بېرىش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**38. زەھەرنى قانۇنسىز ئېلىپ كىرىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېگەن نېمە؟**

دۆلەتنىڭ زەھەر باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، كۆپ مىقداردىكى زەھەرنى ئېلىپ كىرىپ تۇتۇش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**39. قانداق قىلغاندا زەھەردىن يىراق تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟**

① زەھەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، «تۆتنى ئەستە چىڭ تۇتۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ② بىرىنچى چېكىمنى مەڭگۈ تېتىپ باقماسلىق كېرەك؛ ③ قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىش، ھەرگىزمۇ زەھەردىن پايدىلىنىپ ئاچچىقىنى چىقارماسلىق كېرەك؛ ④ ساغلام ئېلگىرىلەشتەك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاش كېرەك؛ ⑤ دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك؛ ⑥ ساغلام بولمىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارماسلىق كېرەك.

**40. تۆتنى ئەستە تۇتۇش دېگەن نېمە؟**

① زەھەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇش؛ ② زەھەرنىڭ ئادەمنى ئوڭايلا خۇمار قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنى تەلتۆكۈس تاشلاشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى ئەستە تۇتۇش؛ ③ زەھەرنىڭ ئۆزىگە، باشقىلارغا، ئائىلىگە، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش؛ ④ زەھەر چېكىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، زەھەر ئېلىپ سېتىشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇش.

**41. قانداق قىلغاندا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ زەھەرگە چېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟**

① مەدەنىي، ئىناق ئائىلە كەيپىياتى بەرپا قىلىش كېرەك؛ ② باللارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك؛③ زەھەرنى مەنئى قىلىشقا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، مەڭگۈ «زەھەرسىز ئائىلە» بولۇش كېرەك.

**42. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دەسلەپكى زەھەر چېكىشىنى قانداق بايقىغىلى بولىدۇ؟**

① تۇرمۇش قانۇنىيىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ؛ ② تۇرمۇش قانۇنىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ؛ ③ ئېنىق بولمىغان چىقىملىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ؛ ④ سالامەتلىك ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ناچارلىشىدۇ؛ ⑤ بەدىنىدە غەيرىي ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ؛ ⑥ بەزىدە يېنىدىن ۋە ياتىقىدىن زەھەر ياكى زەھەر چېكىش سايمانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ؛ ⑦ دوست تۇتۇش دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ؛ ⑧ بەزىدە ئۇلاردا زەھەردىن ئۇزۇلۇپ قېلىش ئىنكاسى كۆرۈلىدۇ.

**43. مەكتەپلەر قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ زەھەر چېكىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ؟**

① ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس تەربىيىسىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ ② ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرنى مەنئى قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەش، ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش كېرەك.

**44. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ زەھەر چېكىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈچ مۇداپىئە لىنىيىسى قايسى؟**

① پىسخىك مۇداپىئە لىنىيىسى؛ ② ھەرىكەت مۇداپىئە لىنىيىسى؛ ③ ئىدىيىۋى مۇداپىئە لىنىيىسى.

**45. زەھەر چەككۈچىلەر قانداق قىلغاندا زەھەر تاشلىيالايدۇ؟**

① زەھەر تاشلاش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان داۋالاشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك؛ ② زەھەرنىڭ زىيىنىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش لازىم؛ ③ زەھەر تاشلاش ئېتىقادىنى مۇستەھكەم تىكلەش لازىم؛ ④ بۇرۇنقى زەھەر چېكىش مۇھىتىدىن قۇتۇلۇش لازىم؛ ⑤ جەمئىيەتتىكى كەمسىتىشلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.




لىن زېشۈنىڭ خۇمىندا ئەپيۇن كۆيدۈرۈشى



يىغىۋېلىنغان زەھەرلەرنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدا كۆيدۈرۈش







ئورمان ئىچىدىكى زەھەرگە قوغلاپ زەربە بېرىش




زەھەر جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىپ قانۇننى جاۋابكارلىققا تارتىش



ھەمكارلىشىپ خەلقئارالىق زەھەر
ئەتكەشچىلىرىگە زەربە
بېرىش

# ئەيدىز بىمارلىرىغا كۆيۈنەيلى! ۋەدىمىزدە تۇرايلى!
# ئەيدىزنىڭ يۇقۇش يوللىرى



قاندىن يۇقۇش



شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىشتىن يۇقۇش



ئانىدىن بالىغا يۇقۇش



قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يۇقۇش



نەشە چېكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار



ئەيدىز ۋىرۇسى


بۇ ئوكۇلنى ئۇرساڭ ھەرقانداق كېسەلگە داۋا بولىدۇ
مېنىڭ ئاشقازان كېسىلىم يەنە قوزغالدى!
خۇمار قىلمايدۇ! سىناپ باق!
بۇ خۇمار قىلامدۇ؟
ھەي! نېمىدېگەن قىيىن!
زەھەرچەك ئورۇقلىغىلى بولىدۇ!
راستما؟

# زەھەرنىڭ تۈرلىرى



كوكايىن



مۇزسىمان زەھەر



خىيالىي تۈيغۇ پەيدا قىلىدىغان زەھەر



ماگۇ تابلېتى



چۈمادو



گىلدىڭلاتقۇ



دولانتىن



كېتامىن



تەن ئىچىگە يوشۇرۇلغان ۋە بولاق ھالەتتىكى خېروئىنلار



ئۇن ھالەتتىكى، خىش ھالەتتىكى ۋە ئۇكۇل ھالەتتىكى خېروئىنلار



نەشە ۋە كەندىر ئۆسۈملۈكى

# دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوللانمىسى

تۈزگۈچى: ئوسمان نۇر

پىلانلىغۇچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل مۇھەررىرى: شىرىنجان ئەيسا
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: ئۈرۈمچى لۈشىيدا باسما چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2009 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2009 - يىل 10 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1168 × 850 م م 32/1 كىسلىم 6.5 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 8
خەت سانى: 114 مىڭ خەت
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4449-7
تىرازى: 1 — 5000
باھاسى: 14.80 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى : 2823055 (0991)، پوچتا نومۇرى: 830001

جارئىلىق سىگنال :

ساغلام ، بىخەتەر ياشاي دېسىڭىز، زەھەرگە ،

ئەيدىزگە ئوت ئېچىڭ!

UNAIDS

ISBN 978-7-5372-4449-7

9 787537 244497 >

定价：14.80 元